# شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى

2

1996

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى

www.uyghurkitap.com


# «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»

(پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ئىلمىي ژۇرنال)

1996 ـ يىل 2 ـ سان
ئومۇمىي 32 ـ سان

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر
ئىسلامجان شېرىپ


## بۇ ساندا


**مۇقىملىق ۋە تەرەققىيات**

ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق بىلەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا...... ...................... ئىمىن قارى قەييۇم 1

دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت قارىشى توغرىسىدا ........ «مىللەتلەر تەتقىقاتى ئۇچۇرلىرى» دىن 5

**ئىقتىساد، كارخانا**

كارخانىنىڭ ئىچكى مېخانىزمىنى ياخشىلاش توغرىسىدا.............. ............ ھاجى ياقۇپ 6

ئىككىنى ئۆزگەرتىش ئېلىمىزنىڭ ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگەئاشۇرۇشتىكى ئاچقۇچلۇق تەدبىر ................................... قەيسەر ئابدۇللا 10

**ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي ئىتتىپاقلىق**

جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۈنۈملۈك قورالى............ .................................. ئابدۇغېنى قۇربان 13

**مائارىپ ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت**

ئالىي مەكتەپلەردە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەققىدە......... .......................................... ئىمىن ھوشۇر 15

**تارىخ، ئارخېئولوگىيە**

قەدىمكى دەۋردە جۇڭگونىڭ غەربىدە ئاق تەنلىك ئىرقنىڭ ياشىغانلىقى توغرىسىدا.............. ................ «ماتېرىيال كارتىنىلىرى ژۇرنىلى» 1996 ـ يىل 4 ـ ساندىن دىڭ فېيۇن 19

**ئەدەبىيات ـ سەنئەت**

ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۇنجى رومان — «يۈەنشى ھېكايىلىرى»...... ........ قەيسەر قەييۇم 23

**نەشرىيات، ئاخبارات**

تېماتىك پىلان تۈزۈش توغرىسىدا ............................... تۇرسۇن ئابدۇللا 30

ئېلانچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ............ .............. .............................. ئابلىكىم نۇر مۇھەممەت 35

تەتقىقات ئۇچۇرلىرى .................. سەنئەت ھوشۇر، خاسىيەت ئابدۇراخمان قاتارلىقلار 38

**تالانت**

ئۇتۇق قازانغۇچىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى .......................... ئىسلامجان شېرىپ 46

**تىل**

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى گىراممatikىسى ............................... دىلدار مەتىمىن 71


---


تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابدۇرېھىم رەجەپ، ئابدۇكېرىم راخمان، ئاۋۇت توختى، سەمەت خېۋىر، شېرىپ ئىمىن، ئىسلامجان شېرىپ



مەسئۇل مۇھەررىر: ئىسلامجان شېرىپ، قەيسەر قەييۇم
كوررېكتور: تۇرسۇنئاي مۇھەممەت باقى

# ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق بىلەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

ئىمىن قارى قەيۇم

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 14 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا: «پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاشتىن ئىبارەت ئومۇمىيەتنى چىڭ ئىگىلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. بۇ پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدە شۇنداقلا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتا، دۆلەتنى ئۇزاق مۇددەت ئەمىن تاپقۇزۇشتا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ستراتېگىيىلىك مەسىلە. ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش — ئېلىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھالقىسى. لېكىن ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق مۇقىملىقنى قوغدايمىز دەيدىكەنمىز، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرگە تولۇق ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە ئۇنى توغرا ھەل قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە مۇقىملىقنى قوغداش خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ھەل قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بىراق ھازىرقى ۋاقىتتىكى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت ئىلگىرىكى يىللاردىكى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرگە ئوخشىمايدۇ. بۇ زىددىيەتلەرنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى راۋاجى. شۇڭا، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، ئۇنى توغرا ھەل قىلىش لازىم.

**1. ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى**

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئېلىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئۇ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇقەررەر يولى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگو «تەرەققىي تېپىش ئۈچۈن، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش، ئىچكى جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش لازىم»① دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ئىسلاھات مۇتلەق كۆپ ساندىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلىپى. ئۇ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈشكە ئاكتىپلىق بىلەن قاتناشماقتا. لېكىن كىشىلەرنىڭ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا بولغان قوللاش كۈچىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى، بىلىش ۋە قارىشىنىڭ ئوخشاشماسلىقى، كىشىلەرنىڭ ئىسلاھات مېۋىسىدىن بەھرىمەن بولۇشىنىڭ ئاز ـ كۆپلىكى سەۋەبىدىن بەزىبىر مەنپەئەت زىددىيىتى كېلىپ چىقماقتا. ئەگەر بۇ زىددىيەتلەر ياخشى ھەل قىلىنمىسا، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

---

① دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما. 3 ـ توم، 416 ـ بەت.

ھەتتا بەزىبىر قالايمىقانچىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلانغىلى، ئىسلاھاتنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ. شۇڭا بىز ھەممىدىن مۇھىمى ئاممىغا ئىشىنىشىمىز، ئاممىغا تايىنىشىمىز، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىشقا ماھىر بولغىلى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىسلاھات جەريانىدىكى تەشەببۇسكارلىقىنى، ئاكتىپچانلىقىنى، ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ خەلق ئاممىسى ئىسلاھاتنىڭ سۇبيېكتى ۋە ھەل قىلغۇچ كۈچى. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك: «بىزنىڭ ئىسلاھاتىمىز، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشىمىز كىتابقا تايىنىش يولى بىلەن ئەمەس، ئەمەلىيەتكە تايىنىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشكە تايىنىش يولى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى»[1] يېزا ئىسلاھاتى جەريانىدىكى ياخشى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاساسىي قاتلام ئىجاد قىلغان، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش جەريانىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئامما ئەمەلىيەت جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويغان. ئاممىنىڭ ئەقىل - پاراستى كوللېكتىپنىڭ ئەقىل - پاراستى. بىز ئىسلاھات ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغاندىلا خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلالايمىز.

**2. تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى**

ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇ توغرىدا ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ئىسلاھاتنىڭ خاراكتېرى ئۆتمۈشتىكى ئىنقىلابنىڭكىگە ئوخشاشمايدۇ. ئىسلاھاتمۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، جۇڭگونى نامراتلىق - قالاقلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ئىسلاھاتمۇ ئىنقىلابىي خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش دېيىشكە بولىدۇ.»[2] يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «جۇڭگودا بارلىق مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى، ئۆزىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىشتا. دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچىنى ئاشۇرۇش، خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش. مۇقىم ۋەزىيەتنى ساقلاش، زومىگەرلىكنىڭ ۋە زوراۋانلىق سىياسىتىنىڭ بېسىمىغا تاقابىل تۇرۇش، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مۇستەقىللىقىنى قوغداش، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قالاقلىقنى تۈپتىن ياخشىلاش، دۇنيادىكى زامانىۋىلاشقان دۆلەتلەر قاتارىغا ئۆتۈشكە ئوخشاش ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەرەققىياتتىن ئايرىلالمايدۇ.» ئەگەر قالاق ئىدىيىلەرگە زەربە بېرىلمىسە، تەرەققىياتتىن ۋاز كېچىلسە چىقىش يولى بولمايدۇ. بۇنىڭغا خەلقمۇ يول قويمايدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، تەرەققىيات جەريانى ئېلىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدۇر. بۇ نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەت كۈرەش قىلىشىغا ئېھتىياجلىق بولغان ئۇلۇغ ھەمدە قىيىن ۋەزىپە. شۇڭلاشقا سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا دۇچ كەلگەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى خەلق ئاممىسىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش ئارقىلىق ھەل قىلىشىمىز كېرەك.

---

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3 - توم 299 - بەت.
② «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 3 - توم 274 - بەت.

ماۋزېدۇڭ ئەينى ۋاقىتتا خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى «ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش» ئارقىلىق توغرا ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر پرىنسىپ. بۇ پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ئىشلارنى تەڭشەش ۋە تەرتىپكە سېلىشتا بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك رول ئوينىدى. ھازىر ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك زىددىيەتلەر كۆرۈلمەكتە. بىز يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ بۇ پرىنسىپىغا ئاساسەن «ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش» ئارقىلىق يېڭى تارىخىي شارائىتتا كۆرۈلگەن ھەر خىل زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلساقلا، خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخىي ئىجادچانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتقىلى بولىدۇ.

**3. مۇقىملىقنى ساقلاش بىلەن خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتى**

جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقنى ساقلاش ئارقىلىق ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپە. نۆۋەتتىكى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى ماس قەدەمدە تەرەققىي قىلدۇرۇش - قىلدۇرالماسلىقتا، خەلقنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىنى ياخشىلاش - ياخشىلىيالماسلىقتا باغلىق. ھازىرقى مەسىلە دەل مۇشۇنىڭدىن چىقىۋاتىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: «جۇڭگونىڭ مەسىلىدە ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغىنى — مۇقىملىقنىڭ بولۇشى، مۇقىم مۇھىت بولمىسا، ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ. قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرمۇ قولدىن كېتىپ قالىدۇ. جۇڭگو ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئېشىكنى ئېچىۋېتىشتە جەزمەن چىڭ تۇرىدۇ. جۇڭگونىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈمىدى ئەنە شۇنىڭدا. لېكىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، چوقۇم مۇقىم سىياسىي مۇھىت بولۇشى كېرەك.»① بۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ تارىخىي ساۋاقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىنكى ئېرىشكەن بىر ئىلمىي يەكۈنى.

ئېلىمىزنىڭ بۈگۈنكى تىنچ - ئىتتىپاق بولغان سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ئاسانغا چۈشمىدى. يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 14 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بىز ھازىر ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى باشقا قېلىپقا سېلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىمىز. كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن بىر جەريان كېرەك. ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشى چوڭراق بولغاچقا، تۈرلۈك زىددىيەتلەرگە گەۋدىلىنىپراق قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا مۇقىملىقنى ساقلاش تېخىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. مۇقىم سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت بولماي تۇرۇپ، ھېچقانداق ئىشتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق ياخشى پىلانىمۇ، لايىھەنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇش تەسكە چۈشىدۇ.» شۇڭا بىز بۇنى قەدىرلەپ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن بىر مۇقىم ئىجتىمائىي سىياسىي مۇھىتنى يارىتىشىمىز لازىم. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساق، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى زىيانغا

① «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، 3 - توم، 586 - بەت.

ئۆچرايدۇ. شۇڭا نۆۋەتتە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق مۇقىملىقنى ساقلاش ئۈچۈن تۆۋەندىكى خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك:

بىرىنچى، سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە ھەقىقىي تۈردە چىڭ تۇرۇش لازىم. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك، ئۆز ئارا ياردەم بېرىش، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدە چىڭ تۇرۇش مىللەتنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىدە ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ۋە رايونلار تەرەققىياتىنىڭ تەكشى بولماسلىقى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدا چوڭقۇر ئەكس ئەتمەكتە. مىللىي رايونلاردا نوقۇل ھالدا ئېچىشنى مەركەز قىلماستىن، بەلكى مەركەزنىڭ سىياستى بويىچە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنى ھەقىقىي تۈردە چىڭ تۇتۇپ، باراۋەرلىك مەسىلىسىنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىپ مۇقىملىقنى ساقلىغىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ماڭارىپىنى زور كۈچ بىلەن يۆلەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى ئېلىمىز يەر مەيدانىنىڭ 60% ئىگىلەيدۇ. بۇ رايونلاردىكى ماڭارىپ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولۇشى ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە خاراب بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە. شىنجاڭنى ئالساق، ئىقتىسادىي ئاساسى ئاجىز بولغاچقا، بەزى جايلاردا مەكتەپ يوق، بار بولغاندىمۇ ئوقۇش قۇراللىرى، ئوقۇتۇش شارائىتلىرى ناچار. شۇ سەۋەبتىن باللار مەكتەپكە كىرەلمەيۋاتىدۇ. بۇ مۇشۇ رايوننىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەپ تۇرىۋاتقان ئامىللارنىڭ بىرى. بۇنىڭغا سەل قارالسا شىنجاڭدا مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

ئۈچىنچى، ھەقىقىي تۈردە تىرىشىپ خەلقنىڭ تۇرمۇشنى ياخشىلاش لازىم. پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ـ مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش. نۆۋەتتە نۇرغۇن جايلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيى، ئىچىملىك سۇ مەسىلىسى تېخى تەلتۆكۈس ھەل بولمىدى. بەزى ئادەملەرنىڭ ئۈچىسىغا كەيگۈدەك كىيىمى يوق. شۇڭا مەركەز ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت تارماقلىرى بەزى نامرات يېزا ـ قىشلاقلارنىڭ سۇ، يەر ۋە باشقا ھەر خىل باج تۈرلىرىنى بىر قانچە يىل كەچۈرۈم قىلىش ئارقىلىق دېھقانلارنىڭ قەددىنى كۆتىرىۋېلىشىغا ياردەم بېرىشى ھەمدە ئىگە ـ چاقىسىز قالغان يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشى لازىم. بۇمۇ مۇقىملىقنى ساقلاش جەريانىدا سەل قاراشقا بولمايدىغان مۇھىم ئامىل.

نۆۋەتتە، جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى ھالقىلىق دەۋرگە قەدەم قويدى. بىز چوقۇم پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى تۈرلۈك لۇشيەن، فاڭجېن سىياسەت ۋە قارارلارنى توغرا ئىزچىللاشتۇرۇپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستىنىڭ يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى يۈكسەلدۈرسەكلا، خەلق تۇرمۇشنى ياخشىلاپ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىققا ھەقىقىي تۈردە كاپالەتلىك قىلغىلى، ئىسلاھات بىلەن تەرەققىياتنى بىللە ئېلىپ بېرىش ستراتېگىيىسىنى داۋاملىق يولغا قويغىلى ھەمدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى يۈكسەلدۈرگىلى بولىدۇ.

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت قارىشى توغرىسىدا

دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نىڭ 1 - تومىدىن 3 - تومىغىچە ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن نەزەرىيە سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىدە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل بىلەن مىللىي مەسىلىنى تونۇشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق مىللەت قارىشى مەركەزلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن. دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت ھەققىدىكى قاراشلىرىنى يىغىنچاقلىغاندا، مۇنۇ تەرەپلەرنى كۆز ئىچىگە ئالىدۇ: (1) ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەريانىدىكى ستراتېگىيىلىك ئورنى توغرىسىدىكى بايانلار؛ (2) مىللىي ئازادلىق، مىللىي بىرلىك ۋە مىللىي گۈللىنىش توغرىسىدىكى بايانلار؛ (3) مىللىي مەسىلىنىڭ مۇھىملىقى ۋە مۇرەككەپلىكى توغرىسىدىكى بايانلار؛ (4) مىللىي سىياسەت توغرىسىدىكى بايانلار؛ (5) مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى بايانلار؛ (6) مىللىي غورۇر ۋە مىللىي ئىززەت، مىللىي ئىشەنچىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى بايانلار؛ (7) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى رەھبەرلىك ئورنى توغرىسىدىكى بايانلار.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت قارىشى توغرىسىدىكى ئىدىيە سىستېمىسى مۇكەممەل نەزەرىيىۋىلىك ۋە سىستېمىلىق مەنتىقىلىققا ئىگە. ئۇنىڭ مۇكەممەل نەزەرىيىۋىلىكى دېگىنىمىز — دېڭ شياۋپىڭ مىللەت قارىشىنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسى ئورگانىك باغلانغان مۇكەممەل نەزەرىيە سىستېمىسىدۇر. ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش جەريانىدىكى ستراتېگىيىلىك ئورنى توغرىسىدىكى بايانلاردا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ توپ يېتەكچى ئىدىيىسى تۇرغۇزۇلۇپ، ئۇنىڭ مىللەت قارىشىنىڭ جېنى گەۋدىلەندۈرۈلگەن؛ مىللىي ئازادلىق، مىللىي بىرلىك ۋە مىللىي گۈللىنىش توغرىسىدىكى بايانلاردا مىللىي تەرەققىياتنىڭ ئۈچ تەرەپىنى بىر گەۋدە قىلىشنىڭ توپ يولى ھاسىل قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ مىللەت قارىشىنىڭ ئۇل تېشى تۇرغۇزۇلغان؛ مىللىي مەسىلىنىڭ مۇھىملىقى ۋە مۇرەككەپلىكى توغرىسىدىكى بايانلاردا ماركسىزم - لېنىنىزملىق بىلىش نەزەرىيىسى پرىنسىپلىرىدا چىڭ تۇرۇلۇپ، ئېلىمىزنىڭ مىللىي مەسىلىلىرى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا تەھلىل قىلىنىپ، ئۇنىڭ مىللەت قارىشىنىڭ مېغىزى گەۋدىلەندۈرۈلگەن؛ مىللىي سىياسەت توغرىسىدىكى بايانلاردا مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى بايانلاردا مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش توغرىسىدىكى مۇكەممەل سىياسەت ئىدىيىۋى سىستېمىسى ھاسىل قىلىنىپ، ئۇنىڭ مىللەت قارىشىدىكى ئاچقۇچ گەۋدىلەندۈرۈلگەن؛ مىللىي غورۇر ۋە مىللىي ئىززەت، مىللىي ئىشەنچىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى بايانلاردا جۇڭخۇا مىللەتلىرى تەرەققىياتىنىڭ مەنىۋى يىلتىزى ئېچىپ بېرىلىپ، ئۇنىڭ مىللىي قارىشىنىڭ تۈۋرۈكى تۇرغۇزۇلغان؛ مىللىي خىزمەت توغرىسىدىكى بايانلاردا پارتىيىمىزنىڭ مىللىي خىزمىتىنىڭ بىر سىستېما قۇرۇلۇشى ئىكەنلىكى تەكىتلىنىپ، ئۇنىڭ مىللەت قارىشىدىكى مەقسەت گەۋدىلەندۈرۈلگەن؛ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى رەھبەرلىك ئورنى توغرىسىدىكى بايانلاردا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش جەريانىدا تونۇپ يەتكەن يىمىرىلمەس ھەقىقەت شەرھىلىنىپ، ئۇنىڭ مىللەت قارىشىنىڭ يادروسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئۇنىڭ سىستېمىلىق مەنتىقىلىقى دېگىنىمىز — دېڭ شياۋپىڭ مىللەت قارىشىنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسى قاتلاملىرى ئېنىق، مەنتىقىلىقى كۈچلۈك بولغان ئىدىيىۋى سىستېمىدۇر. دېڭ شياۋپىڭ مىللەت قارىشىنىڭ ئىدىيىۋى سىستېمىسى مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان يېتەكچى ئىدىيىدىن تارتىپ پارتىيىنىڭ مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى رەھبەرلىك ئورنىغىچە، مىللىي مەسىلىنىڭ مۇھىملىقىدىن تارتىپ مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ توپ يوللىرىغىچە، مىللەتلەر ئىشلىرىنىڭ سىستېما قۇرۇلۇشىدىن تارتىپ كونكرېت سىياسىي تەشەببۇسلارغىچە، مىللىي خىزمەتنىڭ نېگىزلىك پرىنسىپلىرىدىن تارتىپ خىزمەت ئۇسۇلى، پوزىتسىيىگىچە بولغان جەريانلار ئۇنىڭ مەنتىقىي سىستېما ئىكەنلىكىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدۇ.

قىسقىسى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ مىللەت قارىشى نەزەرىيىۋىلىك بىلەن مەنتىقىلىقنىڭ بىرلىكىنى، ستراتېگىيىلىك قاراش بىلەن سىياسەت قارىشىنىڭ بىرلىكىنى، بىلىش نەزەرىيىسى بىلەن ئەمەلىيەت نەزەرىيىسىنىڭ بىرلىكىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، بىزنىڭ يېڭى دەۋردە مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلىشىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىدۇر.

داۋۇت ساۋۇت تەرجىمىسى

# كارخانىنىڭ ئىچكى مېخانىزمىنى ياخشىلاش توغرىسىدا

ھاجى ياقۇپ

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى دېگىنىمىز، ئىجتىمائىي بايلىقلارنى تەقسىملەشتە بازار مېخانىزمىنى ئاساس ۋە يېتەكچى قىلىدىغان بىر خىل ئىقتىسادىي پائالىيەت فورماتسىيىسىدىن ئىبارەت. بۇنداق ئىقتىسادىي شەكىلنىڭ ماھىيىتى بازارنىڭ يۈرۈشۈشىنى مەركەز قىلغان ھالقىلار ئارقىلىق، ئىقتىسادىي جەريانلارنى تۇتاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، باھا سىگناللىرى ئارقىلىق مەھسۇلاتلارنى بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىپ، ئېھتىياج بىلەن تەمىنلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش، ياخشىلىرىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش، ناچارلىرىنى شاللىۋېتىشتىن ئىبارەت رىقابەت مېخانىزمى ئارقىلىق مىللىي دارامەتنى تەقسىم قىلىپ، مۇشۇ ئارقىلىق خەلق ئىگىلىكىنىڭ مۇقىم، تەكشى راۋاجلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

رىقابەت مېخانىزمىنىڭ بازار ئىگىلىكىدىكى رولىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىنتايىن زۆرۈر. چۈنكى رىقابەت مەنپەئەت مېخانىزمىنىڭ مەجبۇرلىشىغا تايىنىدۇ. ماددىي مەنپەئەت ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى بازار رىقابىتىگە قاتنىشىشقا جەلپ قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇپ، ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرگەندىلا ئېھتىياج بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ماسلاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىگىلىكنى تەڭشىگىلى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغىلى، ئىقتىسادىي رىقابەتكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىپ كارخانىلارنى ھەقىقىي بازارغا يۈزلەندۈرگىلى، بۇنىڭ بىلەن كارخانىلارنى جانلاندۇرغىلى بولىدۇ.

نۆۋەتتە، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىشتىكى ھالقىلىق مەسىلە كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىپ، تەدرىجىي ھالدا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشتا.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىپ، كارخانىلارنىڭ ئىچكى مېخانىزمىنى ياخشىلىشىمىز لازىم. بۇنىڭ ئالدىنقىسى تاشقى مۇھىت، كېيىنكىسى پۈتۈنلەي كارخانىنىڭ ئىچكى مۇھىتى مەسىلىسىدۇر.

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9 ـ بەشيىللىق پىلانى 2010 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپ» دە: «2010 ـ يىلغا بارغان چاغدىكى خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسلىق كۆرەش نىشانى: مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 2000 ـ يىلدىكىدىن بىر قاتلاپ، خەلقنى ھاللىق تۇرمۇش ئاساسىدا تېخىمۇ باياشاتلاشتۇرۇش، بىر قەدەر مۇكەممەل سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى شەكىللەندۈرۈش، ئىقتىسادنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىنىڭ قېلىپلىشىشىنى قانۇن-تۈزۈم يولىغا سېلىشنى يەنىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، بايلىقنىڭ تەقسىملىنىشىنى تېخىمۇ سەر ـ خىللاشتۇرۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېخنىكىلىق سەۋىيىسى بىلەن ئومۇمىي سۈپىتىنى كۆرۈنەرلىك

ئۆستۈرۈپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش كېرەك»، «٩ ـ بەشيىللىق پىلان ۋە 2010ـ يىلغىچە بولغان كۆرەش نىشانىغا يېتىشنىڭ ئاچقۇچى ئومۇملۇق ئەھمىيەتكە ئىگە ئىككى تۈپ بۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا. بىرىنچىسى، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە قاراپ بۇرۇلۇش. ئىككىنچىسى، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلى جەھەتتە يىرىك شەكىلدىن تۈجۈپىلەنگەن شەكىلگە بۇرۇلۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ داۋاملىق، تېز، ساغلام راۋاجلىنىشىنى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسىتىلگەن.

ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە بۇرۇلۇشتا، ئالدى بىلەن دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ياخشىلاش، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىش ئارقىلىق، كارخانىنىڭ ئىچكى جانلىنىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كارخانىلاردا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

1. كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقى تولۇق ئەمەلىيلەشمىگەنلىكتىن، كارخانىلار بازارنىڭ ئۆزگىرىشىگە نىسبەتەن جانلىق تەسىر كۆرسىتىشتە ھەمدە ئىچكى قىسمىدىكى ئىسلاھاتنى ئېلىپ بېرىشتا قىيىنلىشىۋاتىدۇ. دۆلەت ۋە يەرلىك ئورۇنلارنىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات باھاسى، مەبلەغ سېلىش، خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق جەھەتلەردىكى سىياسەت پرىنسىپلىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، كارخانىلارنىڭ پايدا سەۋىيىسىدىمۇ پەرق ناھايىتى زور.

2. كارخانىلاردا مەبلەغ يېتىشمەسلىك ئەھۋالى ئېغىر. چۈنكى كارخانىلارنىڭ كەسپىي مالىيەسى بىلەن دۆلەت مالىيە خام چوتى باغلىنىشلىق بولمىغانلىقتىن، كارخانىلار دۆلەت مالىيەسىنىڭ بىۋاسىتە ئاستىدا ئامورتىزاتسىيە فوندى بىلەن كارخانىغا قالدۇرۇلغان پايدىدىمۇ ئۆزىگە تېگىشلىك قىسمىغا ئىگە بولالمايۋاتىدۇ. تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە مەبلەغ سالالمايۋاتىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئوبوروت مەبلىغى يېتىشمەي، قەرز پۇللىرى كۆپىيىپ يۈكى بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن مەھسۇلاتنىڭ تەننەرخى ئۆرلەپ كارخانا پايدىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ.

3. كارخانىلاردا ھۆددىگەرلىك تۈزۈمىنى ئاساس قىلغان ھەر خىل ئىگىلىك باشقۇرۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، كارخانا ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلىرىنىڭ زادى كىمگە مەسئۇل بولۇش مەسىلىسى تېخى ھەل قىلىنمىدى. ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىغا، ئىگىلىك باشقۇرغۇچىغا بولغان نازارەت قىلىش، رىغبەتلەندۈرۈش يېتەرسىز. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كارخانىلاردا كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەت بىلەن يىراق كەلگۈسىدىكى مەنپەئەتكە تەڭ ئېتىبار بەرمەيدىغان ھالەت شەكىللىنىپ رىقابەتكە ئاكتىپ قاتنىشىش، تېخنىكىنى ئۆستۈرۈش، مەبلەغ توپلاش، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتلەردە دىگەندەك كۈچىيەلمەيۋاتىدۇ.

شۇڭا، دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ھوقۇق مۇناسىۋىتىنى راۋاجلاندۇرۇش، مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى ئايرىش، بازار سىستېمىسىنى يېتىلدۈرۈش، سىستېمىلار، تارماقلار بويىچە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، باج ـ پايدا مۇناسىۋىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇش، پايدا ـ زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇش، ئۆز ـ ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا كارخانىلارنىڭ ئىچكى مېخانىزمىنى ياخشىلاپ، بازارنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىشنى، رىقابەت ئىچىدە

uyghurkitap.com



راۋاجلىنىشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇتۇشىمىز لازىم.

ئىدىيىۋى قاراش كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئىدىيىسى كارخانىلارنىڭ پائالىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. شۇڭا، كارخانىلار تاشقى مۇھىت يار بەرگەن شارائىت ئاستىدا مۇھىم نۇقتىنى ئەلۋەتتە كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىغا قارىتىپ بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش، رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش، كارخانىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈتكەش لازىم.

يېقىنقى ستاتىستىكا ماتېرىياللىرىدىن قارىغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت ئىلكىدىكى 170 چوڭ، ئوتتۇرا كارخانىنىڭ زىيان تارتىۋاتقانلىرى %52 دىن كۆپرەكىنى، يەرلىك كارخانىلارنىڭ زىيان تارتىۋاتقانلىرى %64 نى ئىگىلەيدىكەن. مۇنداق بولۇشى پۈتۈنلەي كارخانىلارنىڭ تاشقى شارائىتىدىن ئەمەس، ئەكسىچە كارخانىلارنىڭ ئىچكى مېخانىزمىنىڭ ياخشىلانمىغانلىقى، بازار ئېھتىياجىغا ماسلىشالمىغانلىقى، رىقابەتلىشىشكە تازا كۆچىيەلمەيۋاتقانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ.

كارخانىلارنىڭ ئىچكى شارائىتى بىلەن تاشقى شارائىتى ئوتتۇرىسىدا ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋەت بولىدۇ. تاشقى مۇھىت ئامىلى مۇئەييەن شەرت ئاستىدا كارخانىنىڭ ئىچكى شارائىتىغا ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، تەبىئىي مەنبە بىلەن تەمىنلەش جەھەتتە ناۋادا بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر ئامىل كارخانىنىڭ كونترول قىلىشىغا ئۆزگەرسە، ئۇ كارخانىنىڭ ئىچكى شارائىتىدىكى ئامىلىغا ئۆزگىرىدۇ. بۇنداق ئۆزگىرىش كارخانىنى پايدىلىق يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئەگەر تاشقى مۇھىت كارخانىغا پايدىسىز تەسىر كۆرسەتكەندە كارخانا بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى ئىشقا سېلىپ پايدىسىز ئامىلنى يېڭىلىشى ۋە ئۆزگەرتىشى لازىم. ئەگەر تاشقى مۇھىت كارخانىغا پايدىلىق تەسىر كۆرسەتسە، كارخانا بۇ خىل پايدىلىق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كارخانىنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇشى لازىم، بۇنىڭدىن كارخانىنىڭ ئىچكى مېخانىزمىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى، كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي ئامىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، كارخانىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىزچىل تەكىتلەش كېرەك.

كارخانىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۇنىڭ سىرتقى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئۆز ۋاقتىدا ماسلىشىپ، ئۆز ـ ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمى، ھەرىكەت مېخانىزمى، ئۆز ـ ئۆزىنى چەكلەش مېخانىزمى، ئايلىنىش مېخانىزمى، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمى، رىقابەت مېخانىزمى، خەۋپ مېخانىزمى، تەدبىر مېخانىزمى، ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى، باھا مېخانىزمى ...... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنە بىرىكىپ تاشقى مۇھىتقا ماسلىشىش، ئۆز ـ ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇشقا مەركەزلىشىدۇ. شۇڭا، كارخانىلارنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىغا ماسلىشىشىدا مۇھىم نۇقتىنى كارخانىنىڭ ئىچكى مېخانىزمىنى ياخشىلاشقا قارىتىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىمىز ۋە ئۆزگەرتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

1. بازارنى يېتەكچى قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش لازىم. كارخانا ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىدا بازار ۋە جەمئىيەتنىڭ ئېتىراپ قىلىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتى بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى سېتىپ، ئۇنىڭدىن ئىجتىمائىي ئۈنۈم ۋە كارخانا ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە باغلىق. مەيلى قانداق مەھسۇلات بولسۇن بازار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىدىكەن، ئۇنىڭ قىممىتى ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا كارخانىلار رىقابەت ئىقتىدارىنى

ئۆستۈرۈش ئۈچۈن چوقۇم بازارنى يېتەكچى قىلىپ، بازار ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشنى تەشكىللەش لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا، كارخانىلار ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئىگە بولالايدۇ.

2. كارخانىلار رىقابەت مېخانىزمىنى ئۆستۈرۈشى لازىم. كارخانىلار رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشتە تىرىشىپ يېڭى مەھسۇلاتلارنى قېزىپ، مەھسۇلات تۈرلىرىنى كۆپەيتىپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشى لازىم. پەقەت بىرلا خىل كونا مەھسۇلاتقا تايىنىۋېلىپ، يېڭى مەھسۇلات تۈرلىرىنى كۆپەيتمىگەندە كارخانىلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتقىلى بولمايدۇ.

3. مەھسۇلات سۈپىتىنى چىڭ تۇتۇش لازىم. مەھسۇلات سۈپىتى ياخشى بولسا، ئىشلىتىش قىممىتى يۇقىرى بولىدۇ. كارخانىلارنىڭ رىقابەتلىشىش ئىقتىدارىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ. سۈپىتى ناچار بولسا، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىگە تەسىر كۆرسىتىشتىن سىرت خەلقنىڭ تىنچ - ئىتتىپاقلىقىغا، مۇقىملىقىغا، بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالىدۇ ۋە زىيان كەلتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كارخانىنىڭ ئابرۇيى تۆۋەنلەپ رىقابەت ئىقتىدارىغا زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، كارخانىلار «سۈپەت كارخانىنىڭ ھاياتى» دېگەن ئەمەلىيەتنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، سۈپەت كۆز قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك تۇرغۇزۇشى، مەھسۇلاتنى لايىھەلەشتىن تارتىپ مەھسۇلات ياسىلىپ زاۋۇتتىن چىققانغا قەدەر سۈپەتكە كاپالەتلىك قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەردىن تارتىپ بارلىق ھالقىلارغىچە سۈپەتنى چىڭ تۇتىدىغان، سۈپەتكە ئېتىبار بىلەن قارايدىغان ۋەزىيەتنى يارىتىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا كارخانىلارنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

4. مەھسۇلات ئالاھىدىلىكى ئاساسەن ئوخشاش بولغان ئەھۋالدا مەھسۇلات باھاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى ئىستېمالچىلارنى جەلپ قىلىشنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى ھېسابلىنىدۇ. ئۆزى كۆركەم، سۈپەتلىك، باھاسى ئەرزان تاۋارلار ئىستېمالچىلارنى ئۆزىگە ئاسان جەلپ قىلىدۇ ۋە بازارلىق مەھسۇلات قاتارىدىن ئورۇن ئالالايدۇ. لېكىن مەھسۇلات باھاسىنىڭ تۆۋەن بولۇشى بىلەن تەننەرخ ئۆز ئارا باغلىنىشلىق بولۇپ، مەھسۇلات تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشنى كارخانىلارنىڭ ئىچكى پائالىيىتى قىلىش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. دېمەك، بازار رىقابىتى نۇقتىسىدىن تونۇپ يېتىش، پىلانلاش ۋە مەھسۇلات تىجارىتىنىڭ پۈتۈن جەريانىدىن ئانالىز قىلىش ۋە تىزگىنلەش ئېلىپ بېرىش لازىم.

5. تىجارەتتىن كېيىنكى مۇلازىمەتنى ياخشى ئىشلەش لازىم. مۇلازىمەتتە قىزغىن بولۇش، ئىستېمالچىلارنىڭ مەھسۇلاتنى چۈشىنىش، مەھسۇلاتنى سېتىۋېلىش، مەھسۇلاتنى ئىشلىتىشكە يېقىندىن ياردەم بېرىپ مەھسۇلاتنىڭ بازار تېپىش، تىجارەت يوللىرىنى كېڭەيتىش ھەمدە كارخانىنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىناۋەت چەكسىز بايلىق، كارخانىلارنىڭ ئىناۋىتىنى تۇرغۇزىمەن دەيدىكەنمىز، ئەلا مۇلازىمەتنى قانات يايدۇرۇش كېرەك، مۇلازىمەت خادىملىرى ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ، مۇلازىمەتتە قىزغىن، سەممىمىي بولغاندىلا ئىستېمالچىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلەيدۇ. كىم مۇلازىمەتنى ياخشى قىلسا، ئىناۋىتى يۇقىرى بولىدۇ، خېرىدارى كۆپ بولۇپ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتالايدۇ. شۇڭا، كارخانىلار ئىستېمالچىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشنى ھەر قانداق ۋاقىتتا بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقى لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئىككىنى ئۆزگەرتىش ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى ھەل قىلغۇچ تەدبىر

قەيسەر ئابدۇللا

بۇندىن بۇرۇنقى 18 يىللىق ئىسلاھات ئېلىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشتا غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى زور دەرىجىدە ئۆستى، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى. خەلق دېموكراتىيىسىنىڭ مەزمۇنى بېيىدى. دائىرىسى كېڭەيدى. سوتسىيالىستىك قانۇن تۈزۈم كۈچەيدى، تىنچ، مۇقىم سىياسىي ۋەزىيەت شەكىللەندى، ئېلىمىزنىڭ دۇنياۋى ئورنى ئۆستى ۋە خەلقئارا ئىشلاردىكى رولى كۈچەيدى. بۇ ئۆزگىرىشلەر بىزنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئىسلاھاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، قەدەمنى چوڭايتىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنى تېخىمۇ ياخشى، تېز ۋە ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىشىمىز ئۈچۈن ياخشى ئاساس يارىتىپ بەردى.

لېكىن، دۆلىتىمىزنىڭ ئەسلىدىلا ئاساسى ئاجىز، نوپۇسى كۆپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان بايلىق مەنبەسى تۆۋەن، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى بىر قەدەر قالاق، ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسى تۆۋەن بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇزاق ۋاقىت بېكىنمە ھالەتتە تۇرغانلىقىمىز، سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇشىمىزنىڭ مۇجمەللىكى، ئىجتىمائىي ئېھتىياجدىن ئايرىۋېتىلگەن نوقۇل پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ ئۇزاق مەزگىل يېتەكچى ئورۇندا تۇرغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئىسلاھات داۋامىدا يەنە نۇرغۇن قىيىن مەسىلە ۋە زىددىيەتلەر كۆتۈرۈلدى.

پارتىيىنىڭ 14 ـ قۇرۇلتىيى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېلىمىزنىڭ بۇندىن بۇرۇنقى 18 يىللىق ئىسلاھاتى داۋامىدىكى تەجرىبە ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش، نۆۋەتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىنچىكە تەھلىل قىلىش ئاساسىدا، بۇندىن كېيىنكى 15 يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ كۈرەش نىشانى، ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە تۈپ سىياسەت تەدبىرلىرىنى بېكىتىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىنى سۈرەتلەپ بەردى. مەركەز ئوتتۇرىغا قويغان «تەكلىپ» بويىچە ئېيتقاندا، «9 ـ بەشيىللىق » پىلان مەزگىلىدە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ 2 ـ باسقۇچلۇق ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسى ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلىنىپ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بارغاندا، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1980 ـ يىلدىكىگە قارىغاندا ئىككى قاتلىنىدۇ، جۇملىدىن خەلق تۇرمۇشى ھاللىق سەۋىيىگە يېتىدۇ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىدۇ؛ 2010 ـ يىلىغا بارغاندا مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 2000 ـ يىلىغا قارىغاندا يەنە بىر قاتلىنىپ، خەلقنىڭ ھاللىق تۇرمۇشى بىر قەدەر باياشات سەۋىيىگە يېتىدۇ. بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىنىدۇ.

بۇ ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغ كۈرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىشتا تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، «پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش» تىن ئىبارەت ئاساسىي فاڭجېننى پۇختا ئىگىلەپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىككىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشنى، يەنى ئەنئەنىۋى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە؛ ئىقتىسادنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلىنى يىرىك تىپتىن تۈجۈپىلەش تىپىگە ئۆزگەرتىشنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەپ يولغا قويۇش لازىم.

ئىككىنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئالدىنقىسى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە تەئەللۇق بولۇپ، بۇ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ تەلىپى بويىچە ئۇيۇشتۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۈرلۈك ئامىللىرىنى ئىجتىمائىي ئېھتىياج بويىچە ماسلاشتۇرۇپ، مۈلۈكچىلىك ۋە تەقسىمات شەكىللىرىنى بازار

ئىگىلىكى تەلپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، كەڭ ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتۇپ، ئىقتىسادنىڭ ساغلام، ئۇدا ۋە مۇقىم راۋاجلىنىشىغا پايدىلىق زېمىن هازىرلاپ بېرىدۇ. كېيىنكىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە تەڭشەللىق بولۇپ، بۇ يۇقىرىقى سەرپىيات، تۆۋەن تېخنىكا، يۇقىرى مەبلەغ تۆۋەن ئۈنۈم خاراكتېرىنى ئالغان كۆلەمنى ئۇزلۇكسىز كېڭەيتىش تىپىدىكى ئەنئەنىۋى ئىگىلىك شەكلىنى تۆۋەن سەرپىيات، يۇقىرى تېخنىكا، ئاز مەبلەغ، يۇقىرى ئۈنۈم تىپىدىكى زامانىۋى ئىگىلىك شەكىللىرىگە ئۆزگەرتىشنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ ئىككى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇناسىۋىتى ناھايىتى زىچ بولۇپ، بىرى بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئىككى ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان بۇندىن كېيىنكى 15 يىللىق كۆرەش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. دەرۋەقە بۇنى يولغا قويۇشتا نۇرغۇن پايدىلىق ئامىللار بولغاندىن تاشقىرى، يەنە خېلى كۆپ پايدىسىز ئامىللارمۇ بار. لېكىن بىز يەنىلا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، پايدىلىق ئامىللارنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، پايدىسىز ئامىللارنى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق تۈگىتىپ، ھەممە بىر نىيەتتە باش چۆكۈرۈپ ئىشلىسەكلا مەقسەتكە يېتىش قىيىنغا چۈشمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن:

1. ھۆكۈمەت تارماقلىرى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ «ئۈچتە پايدىلىق بولۇش» تەدبىرى بويىچە ئىدىيىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلپى بويىچە فۇنكسىيىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىشى، ئىشلەپچىقىرىشقا رەھبەرلىك قىلىشتابىۋاستە مەمۇرىي بۇيرۇق تىپىدىن ماكرولۇق تىزگىنلەشنى ئاساس قىلغان مۇلازىمەت تىپىغا ئۆزگىرىشى، تەدبىر بەلگىلەش سىستېمىسىنى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تەلپى بويىچە قۇرۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەدبىر بەلگىلەشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش ۋە دېموكراتىيەلەشتۈرۈش لازىم.

2. كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى يولغا قويۇش قەدىمىنى تېزلىتىش، كارخانىلارنى ھەقىقىي تۈردە ئىچكى ۋە تاشقى بازارغا يۈزلەندۈرۈپ، بازارنىڭ تاللىشىغا قويۇۋېتىش، ۋەيران بولۇشقا يول قويۇش، قوشۇلۇپ كېتىش، بىرلىشىشكە رىغبەتلەندۈرۈش ئارقىلىق بەلگىلىك كۆلەمگە ئىگە سەرخىل كارخانا گۇرۇھلىرىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى ۋە ئۆز ئۆزىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

3. كارخانىلارنىڭ تېخنىكا يېڭىلىشى ۋە ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ۋە مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش؛ يېڭى ئەۋلات داڭدار مەھسۇلاتلارنى ئىچىش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا پائال رىغبەتلەندۈرۈپ، مەبلەغ قەرز پۇل ۋە سىياسەت جەھەتتە ئېتىبار بېرىپ، بىر كارخانىدا بىردىن ئىككىگىچە بازىرى ئىتتىك داڭدار مەھسۇلات بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

4. مەملىكىتىمىزدىكى ئاساسلىق مەسىلىلەرنىڭ بىرى يەنىلا ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى. شۇڭا پەن، مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسىنى داۋاملىق بوشاشتۇرماي، «كېسەلنى يىلتىزىدىن داۋالاش» نى يولغا قويۇپ، مائارىپقا تازا كۈچ سەرپ قىلىپ، تۈرلۈك شەكىللەر بىلەن ئەمگەكچىلەرنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ يېڭى پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ھەزىم قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى پەن ـ تېخنىكىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

5. تاۋار ماركىسى، ئۆلچىمى، سۈپىتى قاتارلىقلارنى قانۇن تۈزۈم ئارقىلىق نازارەت قىلىش ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ناچار، ساختا تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش قىلمىشلىرىغا قاتتىق زەربە بېرىپ، بىر تەرەپتىن ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق مەنپەئەتىنى قوغداش؛ يەنە بىر تەرەپتىن ناچار، ساختا تاۋارلارنىڭ بازارنى مالىمان قىلىپ، ئىجتىمائىي قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ ساغلام، ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاشىلا قىلىشىنى قاتتىق چەكلەش لازىم.

# جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخى ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۈنۈملۈك قورالى

ئابدۇغېنى قۇربان

جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ سىياسىي نەزەرىيە دەرسى ئىچىدىكى ئىدىيىۋىلىكى، ئىلمىيلىكى ۋە تەربىيىۋىيلىكى ئىنتايىن كۈچلۈك بىر پەن. شۇنداقلا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك قورال.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ـ ئۇزاق يىللار جەريانىدا تەدرىجىي يېتىلگەن ۋە مۇستەھكەملەنگەن ئۆز ۋەتىنى ۋە خەلقىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ۋە ئۆز ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىكى، قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن كۆرەش قىلىدىغان پىداكارلىق روھىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە مول مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تۈگىمەس ـ پۈتمەس مەنىۋى بايلىقى. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە گۈللىنىشىنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈكى. شۇنداقلا ئەڭ زور چاقىرىش ئۇيۇشتۇرۇش قوزغىتىش ۋە ئىلھاملاندۇرۇش كۈچىگە ئىگە بايراق.

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن قاتارلىق پارتىيىمىزنىڭ مەشھۇر رەھبەرلىرى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا بولۇپمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، مىللىي روھنى قوزغىتىش، مىللىي ئىپتىخارلىق ۋە مىللىي ئىشەنچنى كۈچەيتىش لازىملىقىنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كەلدى. بولۇپمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۆتكەن يىل «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى يولغا قويۇش تىزىسلىرى»نى تارقىتىپ، ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك، ئۇزاققىچە ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، بازار ئىگىلىكى بەرپا قىلىنىۋاتقان، ھازىرقى تارىخىي دەۋردە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ـ پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە گۈللەندۈرۈش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ۋە تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، مىللىي غۇرۇر، مىللىي ئىشەنچ ۋە ئۆزلۈكىدىن ئىلگىرىلەش روھىنى ئاشۇرۇش، بولۇپمۇ كەڭ ياشلارنىڭ يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇپ، ئۇلارنى كاپىتالىستىك ۋە فېئوداللىق ئىدىيەلەرنىڭ چىرىتىشىگە قارشى تۇرۇپ، توغرا ئىدىيە، غايە، ئېتىقاد كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ھەم قىزىللاشقان ھەم مۇتەخەسسىسلەشكەن، غايىلىك، ئەخلاقلىق، بىلىملىك، ئىنتىزامچان ئىقتىدارلىق يېڭى بىر ئەۋلاد ئىز باسارلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا ئۇل سېلىش خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

شۇڭا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى ياخشى ئۈنۈملۈك، ئۇزاققىچە ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىش، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر مەسىلە. تارىخ ۋە جەمئىيەتنىڭ مائارىپ ۋە نەزەرىيە تەشۋىقات ساھەسىدىكىلەرگە تاپشۇرغان مۇھىم بىر ۋەزىپىسى.

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: «پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا، بولۇپمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر ئارىسىدا پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، تەربىيىسىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق ۋە سوتسىيالىستىك ئىدىيە تەربىيىسىنى، يېقىنقى زامان تارىخى، ھازىرقى زامان تارىخى تەربىيىسىنى، يېقىنقى زامان تارىخى، ھازىرقى زامان تارىخى تەربىيىسىنى ۋە دۆلەت ئەھۋالى تەربىيىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش» لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگو يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زامان تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخى تەربىيىسىنى كۈچەيتكەندىلا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە ئۈنۈملۈك ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ. چۈنكى جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن بۇيان جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزى، فېئوداللىزمنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىكى، خەلقنىڭ ئازادلىق ـ ئەركىنلىكى ۋە بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئالدىنقىلار يىقىلسا كېيىنكىلەر ئىز بېسىپ قەھرىمانلارچە كۆرەش قىلغان، جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئوغۇل ـ قىزلىرىنىڭ قان تەرلىرى

بىلەن يۇغۇرۇلغان تارىخ. شۇنداقلا مىڭلىغان، مىليونلىغان ۋەتەنپەرۋەر ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ جەسەت دۆۋىلىرى ئۈستىگە قەد كۆتەرگەن تارىخ جۇڭخۇا مىللەتلىرى ناھايىتى زور بەدەل تۆلەپ، ئىنتايىن جاپالىق ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ئاخىرى كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە مىسلىسىز ئېغىر جاپا - مۇشەققەت ۋە خەيىم - خەتەرلەرنى يېڭىپ، ئاخىرى جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بىيوكرات كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئۈچ تاغنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، شانلىق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەن تارىخ.

جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تارىخى جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخىنىڭ يادروسى. ماركسىزمنى جۇڭگوغا تەتبىقلاشنىڭ شانلىق ئۈلگىسى. بۇ تارىخ — ماۋزېدۇڭنى ئاساسىي ۋەكىل قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ جۇڭگو كونا دېموكراتىزملىق ئىنقىلابىنىڭ كونلىرېت ئەمەلىيىتى بىلەن ئىجادىي بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئۆزىگە خاس يولىنى تېپىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنى غەلىبىگە يېتەكلىگەن، يەنە مۇشۇ ئاساستا، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش داۋامىدا مۇشكۇل ئىزدىنىشلەر ئارقىلىق ئاخىرى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى تېپىپ غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلىگەن شانلىق تارىخ.

جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىر يېرىم ئەسىردەك ۋاقىتتىن بۇيانقى شانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىش - ئىزلىرىنى سىستېمىلىق، تەسىرلىك، ئەتراپلىق، ئومۇمىيۈزلۈك گەۋدىلەندۈرۈش ئاساسىدا جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تارىخىي مۇساپىسى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ سان - ساناقسىز ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىش - ئىزلىرىنىڭ كۆركەم نامايەندىسى. ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت قىزىل يىپ بۇ تارىخنىڭ پۈتكۈل سىستېمىسىغا خۇددى ئادەم بەدىنىدىكى قان تومۇرغا ئوخشاش سىڭگەن. بۇ تارىخنىڭ ھەر بىر ھۆجەيرىلىرىدىن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى نۇر چاقناپ تۇرىدۇ.

جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخى جەريانىدا، جاھانگىرلىك فېئودالىزملىق ۋە بىيروكرات كاپىتالىزمدىن ئىبارەت كۈچلۈك دۈشمەنگە قارشى ئىنقىلابىي كۈرەشكە قاتناشقان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە ۋە خەلقىگە بولغان چوڭقۇر مۇستەھكەم مۇھەببىتىدەك كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بولمىسا شۇنچە كۈچلۈك دۈشمەندىن قورقماي كۈرەشكە ئاتلىنىشى مۇمكىنمىدى؟ ئىنقىلابىي داھىيلار، يول باشچىلار ئۆز ھاياتىنىڭ خەيىم خەتىرىگە قارىماي كۈرەشكە يېتەكچىلىك قىلىشى مۇمكىنمىدى؟ ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە قەھرىمانلار ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى ۋە خەلقنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلىپ، ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى قۇربان قىلىشى مۇمكىنمىدى؟ سوتسىيالىستىك ۋەتەننىڭ بىخەتەرلىكى ۋە گۈللەپ - ياشنىشى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى تەقدىم قىلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار تۇرغان، ئاددىي خىزمەت ئورنىدا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى يارىتقان قەھرىمان - نەمۇنىچىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇمكىنمىدى؟ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئىنقىلابىي داھىيلار، يول باشچىلار، ئىنقىلابىي قۇربانلار ۋە قەھرىمان - نەمۇنىچىلەر جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئوغۇل قىزلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ۋەكىللىرىدۇر.

شۇڭا جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخى — ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئۈنۈملۈك قورالى

جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخى ئارقىلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن بۇ دەرسنى تېخىمۇ ئىسلاھ قىلىش لازىم. ئېلىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئىسلاھات دولقۇنىدا بۇرۇنقى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تارىخى 1985 - يىلى جۇڭخۇ ئىنقىلابى تارىخىغا ئىسلاھ قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا يەنە جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ شانلىق ئىش - ئىزلىـرى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈپ نەزەرىيەلەشتۈرۈلمىدى ۋە گەۋدىلەندۈرۈلمىدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ دەرسنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيىۋىيلىك رولى يېتەرلىك بولمىدى. شۇڭا بۇ دەرستىكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شانلىق ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىش - ئىزلىرىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ نەزەرىيەلەشتۈرۈپ گەۋدىلەندۈرۈش ئارقىلىق ئىسلاھ قىلغاندىلا بۇ دەرسنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، سىياسىي ئىدىيىۋى تەربىيىۋىلىكى رولىنى تېخىمۇ جانلاندۇرغىلى بولىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى ئارقىلىق مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇيۇشقاقلىقى، ئىتتىپاقلىقى ۋە ھەمكارلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ ئىززەت ئابرويى ۋە ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، كەڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسېپىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا يېتەكلەش ۋە مۇجەسسەملەشتۈرۈش، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، گۈللەندۈرۈش، قۇدرەت تاپقۇزۇشقا يېتەكلەش، جۈملىدىن «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»، «جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش» تىن ئىبارەت ئورتاق غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، شۇنداقلا تارىخنىڭ «قەدىمىنىڭ ئىزناسى، ھازىرنىڭ ئەينىكى، كەلگۈسىنىڭ بىشارىتى» رولىنىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ.

# ئالىي مەكتەپلەردە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ھەققىدە

ئىمىن ھۇشۇر

ھازىر پۈتكۈل ئىنسانىيەت تېخىمۇ يېڭى بىر مەدەنىيەت دەۋرگە — ئىجادىيەت دەۋرگە قەدەم قويىدى، بۇ بىر تارىخىي ئېقىم، بۇنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايدۇ. روشەنكى، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئالدى بىلەن مەدەنىيلىككە قارىتا ناچار ئىدىيە ھەرىكەتلەرنى تازىلاپ مېڭىشنى شەرت قىلىدۇ. 56 مىللەتتىن تەشكىل تاپقان سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدە تېخىمۇ شۇنداق. بۇنداق ۋەزىيەتتە مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ كۈچلۈك مەركىزى بولغان ئالىي مەكتەپلەر نېمە قىلىش كېرەك؟ مېنىڭچە ئالىي مەكتەپلەر مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا باشقا ھەرقانداق ئورۇندىن مۇھىم ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتتىكى باشقا ئورۇنلارغا ئوخشاش مەنىۋى مەدەنىيەت پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن سەپنىڭ ئالدىدا تۇرۇشى، ئالىي مەكتەپلەردە «ئۆچتە ئەلا بولۇش، بىردىن ئۆگىنىش» پائالىيەتلىرىگە پائال تۈردە ئاتلىنىپ، سوتسىيالىستىك دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشى ئارقىلىق سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە «تۆتلەشكەن» يېڭى ئادەملەرنى تەربىيىلەپ چىقىشى كېرەك. مېنىڭچە بۇنىڭدا تۆۋەندىكى تۆت نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.

1. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ھازىرغا قەدەر بولغان ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمدۇر. بىز تەرەققىي تاپقان كاپىتالىستىك دۆلەتلەرنىڭ ماددىي مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى ئىنكار قىلالايمىز، كاپىتالىزم جەمئىيىتى ئىچىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت جەھەتتىمۇ بەزىبىر ئەينەك قىلىشقا بولىدىغان جەھەتلەرنىڭ بارلىقىنىمۇ ئىنكار قىلالمايمىز. ئەمما، كاپىتالىزم روھىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى بولغاچقا، چىرىك دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە ئەخلاق قاراشلىرى، پايدىنى كۆرگەندە بىر ـ بىرىگە ئورا كولايدىغان كىشىلىك مۇناسىۋەتلىرى قاتارلىق ھەر خىل ۋەھشى، چۈشكۈنلەشكەن ھادىسىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

سوتسىيالىستىك دۆلىتىمىز سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرماقتا. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇش تارىخىمىزمۇ ئۇزاق ئەمەس. كاپىتالىزم ۋە فېئودالىزمنىڭ ئالغ فورماتسىيىلىرى، چىرىك كۆز قاراشلىرى يەنىلا جاھانگىرلارنىڭ تېنچ ئۆزگەرتىۋېتىش ھۇجۇمى جەريانىدا بىز بىلەن جاھىللارچە ئېلىشماقتا. شۇڭا، نۇرغۇن مەدەنىيەتلىك بولمىغان ئىدىيە، سۆز ھەرىكەتلەرنىڭ يەنىلا ئىپادىلىنىپ چىقىشىدىن ئەجەپلىنىپ كېتىشكە بولمايدۇ. ئەمما، بۇ دەل بىزنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە جاپالىقلىقى، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بىر كۈچەپلا ئىشنى ھەل قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇش بىر خىل باللارچە گۆدەك خىيالدىنلا ئىبارەت، خالاس!

يولداش ماۋزېدۇڭ «راس، ياخشى، گۈزەل نەرسىلەر ھامان يالغان، يامان، سەت نەرسىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلار ئارا كۈرەش جەريانىدا تەرەققىي قىلىدۇ» دېگەنىدى. تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىنەزىرىنى چىقىش قىلغان ھالدا ھەم سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ كاپىتالىستىك ۋە فېئودالىق مەدەنىيەتتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىش، شۇنىڭدەك كۆزىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىش كېرەك.

قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە، جۇڭگودىن تارتىپ چەتئەللەرگىچە ئالىي بىلىم يۇرتلىرى مەدەنىيەت بازىسى بولۇپ كەلگەن. سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ ئالىي مەكتەپلىرى تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. ئىلىم ـ پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تېخىمۇ يۇقىرى مەدەنىيەتنى

قوغلىشىدىغانلاردىن ئىبارەت. ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى — ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىشكەن سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئىز - باسارلىرىدىن بولۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. ئالىي مەكتەپلەردىكى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ توپ ۋەزىپىسى بولسا ئوقۇتۇش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت جەريانىدا ئادەم تەربىيىلەش، تېخىمۇ مەدەنىيەتلىك ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇنداق ئادەملەر ئىدىيە ۋە گەپ سۆزلىرىدىن تارتىپ ئەمەلىي ھەرىكىتىگىچە، ھەر زامان، ھەر ماكاندا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئۈنتۈپ قالماسلىقى لازىم.

2. ئالىي مەكتەپلەردە كۆپ قاتلاملىق تەلىم - تەربىيە خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى تەربىيىسى، سوتسىيالىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسى ۋە دۆلەت ئەھۋالى، يېقىنقى، ھازىرقى زامان تارىخى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنى كۈچەيتىپ، بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىدىيىۋى سىياسى ۋە ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. ھازىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئارىسىدا بارلىققا كەلگەن ماركسىزم، لېنىنىزمنى ئۆگىنىش، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى، دېڭشىياۋپىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆگىنىش گۇرۇپپىلىرىنى داۋاملىق قوللاش، تەشكىللەش، كېڭەيتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ماركسىزم، لېنىنىزم دەرسلىرى ئوقۇتۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سىياسىي ئۆگىنىش تەلىم - تەربىيە پائالىيەتلىرىنى ياخشىلاش كېرەك. ھەر قايسى ئورۇنلار، فاكۇلتېتلار رادىئو، قارا تاختاي گېزىتى، مەكتەپ ژۇرنىلى قاتارلىقۋاستىلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىجابىي تەشۋىقات تەربىيىسى خىزمىتىنى كۈچەيتىش كېرەك. تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ، بورژۇئازىيىچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى قۇدرەتلىك توغرا جامائەت پىكرى شەكىللەندۈرۈپ، ماركسىزم، لېنىنىزمنى يېتەكچى قىلغان توغرا كەيپىياتنى بارغانسېرى كۈچلەندۈرۈش لازىم.

3. دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت، ئالىي مەكتەپلەردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش لازىم. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئالىي مەكتەپلەر مىللەتلەرنىڭ چوڭ ئائىلىسى. شۇڭا، ئالىي مەكتەپلەردە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنى تۇرغۇزۇش ئىنتايىن مۇھىم. مەيلى ئاز سانلىق مىللەتلەر بولسۇن، مەيلى خەنزۇلار بولسۇن ھەممە مىللەت ماركسىزملىق مىللەت قارىشى بىلەن ئۆز كاللىسىنى قوراللاندۇرۇش ھەمدە بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغدىشى، دۈشمەنگە ئورتاق قارشى تۇرۇشى لازىم.

4. ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەش، مۇلازىمەت ئارقىلىق ئادەم تەربىيىلەش ئاڭلىقلىقىنى يۇقىرى كۆتىرىپ، «ئۈچتە ئادەم تەربىيىلەش» مېخانىزمىنى تەدرىجى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم. بۇ يەردە ئاڭلىقلىق مۇنداق ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەردە ئۆزلىرىنىڭ خىزمىتى، كەسپىي ئەخلاقى، ئادەم تەربىيىلەشكە قارىتا چوڭقۇر تونۇش بولۇش كېرەك.

ئىككىنچى، ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى تەشەببۇسكارلىقتا، مەسئۇلىيەتچانلىقتا ئىگە قىلىپ، ئوقۇتقۇچىلار جەزمەن پارتىيىنىڭ تەلىپى بويىچە ماركسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئارقىلىق دەرس مۇنبىرىنى ئىگىلىشى، سوتسىيالىزم دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، ئەخلاق قارىشى ۋە قىممەت قارىشى بىلەن ئادەم تەربىيىلەش لازىم. بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر پارتىيىنىڭ تەلىپى ۋە ماھارىتى خىزمەتچىلىرىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاقىي پەزىلەتلەر، ھەرىكەت ئۆلچەملىرى ئارقىلىق تەلىم - تەربىيە، ئوقۇتۇش، باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

www.uyghurkitap.com



# مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ھەققىدە

ساۋۇت ئاۋۇت

مىللىي مائارىپ ئېلىمىز سوتسىيالىستىك مائارىپىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇ مىللىي رايونلار سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. تەسىرى جەھەتتىن ئېيتقاندا، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مۇھىم ئىش. شۇنداق بولغاچقا، مەملىكىتىمىز ئازاد بولغاندىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز بىر قاتار توغرا سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى تۈزۈپ، مىللىي مائارىپنىڭ راۋاجلىنىشىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈردى. ئەمما، ھازىرقى تەرەققىيات بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىدىن ئېيتقاندا، مىللىي مائارىپنىڭ ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلىشالمايدىغان تەرەپلىرى بار. شۇڭا، ئۇنىڭدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى تېپىپ چىقىپ، بۇ مەسىلىلەرنى مۇۋاپىق ئۇسۇللار بىلەن ھەل قىلىش زۆرۈر.

ساقلىنىۋاتقان مەسىلە دېگەندە، ھەر تەرەپتىن كۆپلەپ كۆرسىتىش مۇمكىن. مەسىلەن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى ئاز بىر قىسىم رەھبەرلەر پارتىيىمىزنىڭ سىياسەت ئەمر - پەرمانلىرىنى يەتكۈزۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۆڭۈل بۆلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ شۇ سىياسەتلەرنىڭ مائارىپقا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىنى مۇلاھىزە قىلىشى، مىللىي مائارىپنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تونۇشى، مىللىي مائارىپنىڭ دۆلىتىمىزدىكى قانۇنىي ئورنىنى تونۇپ يېتىشى يېتەرلىك بولماسلىقى، ھەتتا مائارىپقا مەسئۇل يولداشلارنىڭمۇ مىللىي مائارىپنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئېتىراپ قىلىشى، ئۇنى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە باشقۇرۇشى، مىللىي مائارىپنىڭ بىرىنچى سېپىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، مىللىي مائارىپ بازىلىرىدىكى ئەھۋاللارنى خەنزۇلار مائارىپىغا سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ئويلىنىشى يېتەرلىك بولماسلىق، بەزىلىرى ئىغىزىدا سۆزلەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلالماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن. لېكىن، بۇ مەسىلىلەر ئۆز نۆۋىتىدە رەھبەرلىك قاتلىمىدا ئايرىم ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك. بۇنىڭغا ئوخشاش ئىقتىسادىي مەسىلىلەر، دەرسلىك مەسىلىلىرى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى مەسىلىلىرى، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش نىسبىتى مەسىلىلىرىمۇ تەقەززالىقى يۇقىرى مەسىلىلەر بولۇپ، بۇ مەسىلىلەرنىمۇ ئايرىم - ئايرىم تېمىلاردا يېزىپ كۆرسىتىش مۇمكىن. ئەمما، ئوقۇتقۇچىنىڭ سۈپەت لاياقىتى مىللىي مائارىپتا ساقلىنىۋاتقان ئەڭ ئاساسلىق مەسىلىدۇر. چۈنكى، سۈپەت مەسىلىسى تەلىم - تەربىيىنىڭ جېنى. بىرەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى ئوقۇتقۇچىغا، بىرەر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى مائارىپقا باغلىق. ئوقۇتۇش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئوقۇتقۇچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۈمىدى مائارىپتا، مائارىپنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۈمىدى ئوقۇتقۇچىلاردا.

ھازىر مەكتەپلەردە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ھازىرقى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىر قىسمىلىرى، ھازىرقى دەۋرىمىزنىڭ تەلىپىدىن، مىللەتنىڭ ئۈمىدىدىن خېلىلا يىراق. بۇ ھال مىللىي مائارىپىمىزغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ.

بولۇپمۇ، بىر قىسىم ياش ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ ئىدىيىۋى ئەخلاقىي سەۋىيىسى، كەسپىي سەۋىيىسى مىللىي مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيۋاتىدۇ. بۇلارنىڭ كەسپچانلىقى تۆۋەن، ئىزدىنىپ بىلىم ئىگىلەشكە بولغان تونۇشى يېتەرسىز، ئازراق ۋاقىت بولسىلا، قانداق قىلىپ پۇل تېپىشنىڭ كويىغا چۈشىدۇ. ئۇلاردا مىللەت ئۈچۈن كۆيۈنۈش، مىللەتنىڭ تەقدىرىنى ئويلاش ئېڭى كەمچىل.

مىللىي ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىۋان ئېلىشتا ھەر خىل توسالغۇلارغا ئۇچراۋاتىدۇ. مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش تەلەپلىرىدە شەرت - شارائىت تولۇق ئەمەس. مەكتەپ ۋە ھەر قايسى ئاساسىي قاتلاملاردا بۇ مەسىلە توغرىسىدا ئېنىق مۇكەممەل پىلان يوق. مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنى پەن - تەتقىقات تۈرلىرىگە قاتناشتۇرۇش يېتەرسىز. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنى ۋە تەمىناتى، ئولتۇراق ئۆي شارائىتى يەنىلا مۇكەممەل

ئەمەس. نۆۋەتتە شەھەرلەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۆي ئىسلاھاتى تۈزۈلمىسى مىللىي ئوقۇتقۇچىلارغا بىرمۇنچە باش قېتىمچىلىقنى ئېلىپ كەلدى. ھازىرقى ئەھۋالدا بىرەر ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، مەكتەپلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان بىر ياش ئوقۇتقۇچى ئۆزىنىڭ ئىش ھەققى بىلەن قانداقمۇ بىرەر يۈرۈش ئۆيگە ئىگە بولۇپ تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلالىسۇن؟ دۆلەت ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنى ئۆستۈردۇق دېگىنى بىلەن مال باھاسىنىڭ ئۆسۈشى، مائاشىنىڭ ئۆسۈش دەرىجىسىدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. مال باھاسىنى تىزگىنلىيەلمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالدى. ھازىر 30 يىلدىن ئارتۇق خىزمەت ئىستاژىغا ئىگە بىر پروفېسسورنىڭ بىر ئايلىق ئىش ھەققى 1000.00 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، كوچىلاردا قاتناش قوراللىرىنى ھەيدەپ كىراكەشلىك قىلىدىغان بىر ئىشچىنىڭ ئىش ھەققىگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ تۆۋەن. مىللىي مائارىپ مەسىلىسىدىن سۆز ئېچىلسىلا تەرەققىيات ھەققىدىكى سان - سىپىرلار تىزىلىدۇ، ئۆتمۈش بىلەن سېلىشتۇرۇلىدۇ. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن كۆز ئالدىمىزدىكى ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولامدۇ؟

ھەر قايسى كەسىپلەردە ئىشلەۋاتقان مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قوشۇنى تولۇق ئەمەس. قىسمەن كەسىپلەردە بىرەرمۇ مىللىي ئوقۇتقۇچى يوق، بىر كەسىپتىن بىر ئوقۇتقۇچى بىلىم ئاشۇرۇشقا كەتسە ياكى تويۇقسىز كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئورنىغا دەرسكە كىرىپ تۇرىدىغان مىللىي ئوقۇتقۇچى يوق بولۇپ قالىدۇ. ئانا تىلىدا دەرسلىك يوق بەزى دەرسلەرنى ئۆتىدىغان ئوقۇتقۇچىلار بولمىغان ھامان ئوقۇغۇچىلار بىكار قالىدۇ. مۇشۇنداق شارائىتتا، بىر قىسىم مىللىي ئوقۇتقۇچىلىرىمىزدىمۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويمايدىغان، ئوقۇغۇچىلارغا تەلەپنى يۇقىرى قويمايدىغان، دەرسنىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئۆتمەيدىغان، ئىمتىھان قەغىزى تەكشۈرگەندە يۈزەكى ھالدا قولىنىڭ ئۇچىدا ئىش قىلىدىغان، تونۇش، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ سالام ۋە پوچىركىلىرى ئارقىلىق ئىمتىھاندىن ئۆتكۈزىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت. ھەر يىلى ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ نومۇر سىزىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلىۋاتىدۇ. بىراق مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن ئەمەلىي بىلىم ئوخشاش چىقمايدۇ.

يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللار بىلەن مىللىي مائارىپىمىزدا بارا - بارا ئىقتىدارسىز، قابىلىيەتسىز، كەسپىي ساپاسى ئىنتايىن تۆۋەن بىر تۈركۈم يارامسىز كىشىلەر يېتىشىپ چىقىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەرنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويماسلىق ئەھۋالىمۇ بۇنىڭغا قوشۇلۇپ، يامان سۈپەتلىك تەسىر پەيدا قىلماقتا. مەملىكىتىمىزدە ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر ئاھالە بويىچە سېلىشتۇرغاندا ئىگىلىگەن سانى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭكىدىن خېلىلا تۆۋەن. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى تېخىمۇ ئاز تۇرۇقلۇق، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويماسلىق، ئەخلاقىي، كەسپىي جەھەتتىن قابىلىيەتلىك بولغانلار قەپ قېلىپ، ئادەتتىكىچە ئوقۇغانلارنى باغاقچە ئارقىلىق ئالدىن ياخشى خىزمەت ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىقتىدارلىقلارغا ماھارەت كۆرسىتىدىغان سورۇن يوق بولۇشتەك ئەھۋال مەۋجۇت بولماقتا.

بۇ ھال ھازىر مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسىگە، ئۆگىنىشىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتمەكتە. بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلماي، مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، مەن مىللىي مائارىپنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك، دەپ قارايمەن.

(1) ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار پارتىيىنىڭ ئالىي مەكتەپلەر ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى، يېتەكچى ئىدىيىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشى، ئىسلاھات بىلەن تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشى، مىللىي ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئىدىيىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك.

(2) مىللىي ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى تولۇقلاش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك.

قوشۇن مۇقىم بولماسلىق، بولۇپمۇ تايانچ ئوقۇتقۇچىلار مۇقىم بولماسلىق بولسا، بۇ بىر يوشۇرۇن خەۋپ. قوشۇننى مۇقىم قىلىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى تەلەپلەرنى ئورۇنداش كېرەك.

① ماركسىزملىق «دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى» تەربىيىسىنى ياخشى تونۇش، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك، ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەمدە بۇلار بىلەن چەك - چېگرىنى ئېنىق ئايرىش تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزملىق تەربىيىسىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىپ، ياش ئەۋلادلارنى داۋاملىق تەربىيىلەپ، ئۇلۇغۋار

غايىگە ئىگە، ئېخمۇ بىلىملىك، ئېخمۇ تەربىيە كۆرگەن، ئېخمۇ ئىجاتچانلىق روھىغا ئىگە يېڭى بىر ئەۋلاد ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشىمىز لازىم.

ئوقۇتقۇچىلاردا سودا بىلەن شۇغۇللانماسلىق، ئۆز كەسپىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك.

② ھەر ساھە، ھەر كەسپتىكىلەر ئوقۇتقۇچىلارنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ھۆرمەت قىلىدىغان، ئوقۇتقۇچىلارنى قەدىرلەيدىغان روھنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. بولۇپمۇ مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ، مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭكىگە يەتمەيدۇ دەيدىغان قاراشنى تۈگىتىشى كېرەك.

③ ياش مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇشىغا شەرت ـ شارائىت يارىتىش لازىم.

ئوقۇ — ئوقۇتۇش، پەن ـ تەتقىقات ئەمەلىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، بىر قىسىم ياش مىللىي ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەمەلىي بىلىم سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش زۆرۈر. مەكتەپتە، ھەر قايسى فاكۇلتېتلار بۇ ھەقتە ئەمەلىي پىلان تۈزۈشى زۆرۈر. ياش ئوقۇتقۇچىلار ئۆزى ھەرىكەتكە كەلمىسە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكەتلىنىشىگە تەسىر يېتىدۇ.

مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن كىتابىي بىلىمگە تايىنىدۇ، ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرستە سۆزلىگەن دائىرىسىدىنلا ئۆگىنىدۇ. باشقا پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى يېتەرلىك ئەمەس. مۇشۇ سەۋەبلەردىن مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشى، ئانالىز قىلىش قابىلىيىتى بىر قەدەر تۆۋەن. يەنە بىر تەرەپتىن مىللىي سىنىپقا دەرسكە كىرىدىغان مىللىي ۋە خەنزۇ ئوقۇتقۇچىلار چوقۇم تەجرىبىلىك، بىلىم دائىرىسى بىر قەدەر مۇكەممەل، ئۆزىنى توختاتقان ئۇنۋانى ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئوقۇتقۇچىلار ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كېرەك. ئەمدىلا مەكتەپ پۈتتۈرۈپ يېڭىدىن خىزمەتكە ئورۇنلاشقان ياش ئوقۇتقۇچىلارنى دەرس ئۆتۈش مۇنبىرىگە چىقىرىشتىن ساقلىنىش لازىم.

دوتسېنتتىن يۇقىرى ئۇنۋاندىكى مىللىي ئوقۇتقۇچىلار ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلەپ چىقىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك.

(3) ياش ئوقۇتقۇچىلار كەڭ دائىرىلىك ماتېرىيال كۆرۈش ۋە ئىزدىنىش روھىنى تىكلىشى كېرەك.

ھازىر جەمئىيەتتە پۇلغا چوقۇنۇش خاھىشى باش كۆتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ، بۇ كۆپ قىسىم ئوتتۇرا ۋە ياش ئوقۇتقۇچىلارغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەكتە. ئاز بىر قىسىم ئوقۇتقۇچىلار ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغان دەرسنى ئۆتۈش بىلەنلا چەكلىنىپ، باشقا ۋاقىتلارنى كۆڭۈل ئېچىش، ئۇچۇر ئىگىلەش، ئازراق پۇل تېپىۋېلىش ئارقىلىق قەددىنى رۇسلىۋېلىشنى ئويلىماقتا. ئۇلار كۆپلەپ ماتېرىيال كۆرمەي، دەرس مەزمۇنىنى بىلمەي، ئوقۇغۇچىلارغا ئاددىيلا دەرس سۆزلەپ، ئوقۇتقۇچىلىقنى جان بېقىشنىڭ دەسمايىسى قىلىۋېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئالداپ كېلىۋاتىدۇ. مانا بۇ ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە ھاماقەتلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇ يىل 9 ـ بەش يىللىق پىلان يولغا قويۇلغان تۇنجى يىل. ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادى داۋاملىق تېز ۋە ساغلام راۋاجلاندۇرۇلىدىغان مۇھىم يىل، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى يەنىمۇ چوڭقۇرلىشىپ ئىلگىرى سۈرۈلىدىغان بىر يىل.

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشقا دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدىكى قارارى» دا: «سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئاخىرقى ھېسابتا پۇقرالارنىڭ ساپاسىنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ يېتىشتۈرۈلۈشىگە باغلىق بولىدۇ، شۇڭا ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر مائارىپ ئىشلىرىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ستراتېگىيىلىك ۋەزىپە سۈپىتىدە تۇتۇپ، مائارىپ خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىش لازىم» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاز سانلىق مىللەت ئىختىساس ئىگىلىرىنى نۇقتىلىق تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ چىققاندىلا، ئاندىن ئاپتونوم رايونىمىزدا تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە تارماقلار ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ۋە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سۈپىتىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىكەن، ئۇھالدا مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىنى يۈكسەلدۈرۈشكە تەسىر يېتىدۇ.

# قەدىمكى دەۋردە جۇڭگونىڭ غەربىدە ئاق تەنلىك ئىرقنىڭ ياشىغانلىقى توغرىسىدا

جۇڭگو تەۋەسىدە ئاق تەنلىكلەر (ياۋروپا ئىرقى) نىڭ ياشىغان ـ ياشىمىغانلىقى، دۆلىتىمىز ئارخېئولوگلىرى ۋە ئانتروپولوگلىرى ئىزچىل تالاش ـ تارتىش قىلىۋاتقان مۇھىم مەسىلە. بۇ مەسىلىگە قارىتا ئىلىم ساھەسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئىلگىرى گۇمانلىنىش ۋە ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولغان. بىراق مۇئەييەنلەشتۈرگۈچىلەرمۇ بولغان. مەسىلەن: تالفشەنچۇن ئەپەندى قەدىمكى غەربىي رايوندىكى توخرىلار (ياۋچىلار) ۋە كۇسەنلىكلەر ساكلارغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. چۈنكى ساك تىلىدىكى «كۇسەن» ( 龟滋 ) دېگەن سۆزنىڭ «ئاق» دېگەن مەنىسى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە «توخرى» ( 月氏 ) بىلەن «كۇسەن» سۆزلىرىنىڭ يىلتىزى بىر بولۇپ، قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ تېرىسىنىڭ رەڭگىگە قاراپ ئۇلارغا نام بېرىلگەن (تالڭ شەنچۇننىڭ «يۇ سۇلالىسى تارىخى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىگە قارالسۇن، «تارىخ ـ مەدەنىيەت بىلىملىرى» 1994 ـ يىلى 2 ـ سان)

مەشھۇر ئانتروپولوگ، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىدىكى خەن كاڭشىن ئەپەندى نەچچە ئون يىل تىرىشىپ چوڭقۇر تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇ مەسىلىنى قانائەتلىنەرلىك دەرىجىدە ھەل قىلدى. يەنى، جۇڭگودا قەدىمكى دەۋردە ھەقىقەتەن ئاق تەنلىك ئىرقنىڭ ياشىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. خەن ئەپەندىنىڭ ئاساسى: (1) 1979 ـ يىلى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى، ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن لوپنۇر كۆلىنىڭ غەربىدىن تەخمىنەن 70 كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى كۆنچى دەرياسى تۆۋەن ئېقىمىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى 2ـتەكشىلىك قۇم بارخانلىرى ئاستىدىن بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3600 يىللاردىن ئىلگىرىكى يىگى تاش قوراللار دەۋرىگە تەئەللۇق قەۋرىلەرنى قازغان بولۇپ، بۇ قەۋرىلەردىن باش سۆڭەكتىن 18 نى يىغىۋالغان. خەن ئەپەندىنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ باش سۆڭەكلىرىدە ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ناھايىتى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان بولۇپ، ئىپتىدائىي ياۋروپا ئىرقى تىپىغا ۋەكىللىك قىلىدىكەن (خەن كاڭشىننىڭ «شىنكاڭ كۆنچى دەرياسى قەدىمكى قەۋرىلىرىگە دەپنە قىلىنغان ئادەم سۆڭەكلىرىدىكى ئانتروپولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر» دېگەن ئەسىرىگە قارالسۇن) . (2) 1984 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى بىلەن خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت ئىدارىسى بىرلىكتە جەنگو ۋە شەرقىي خەن دەۋرلىرىگە مەنسۇپ بولغان خوتەنلىكلەرنىڭ قەۋرىستانلىقىنى تاپتى. بۇ قەۋرىستانلىق تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ھازىرقى خوتەن ۋىلايىتى لوپ ناھىيىسى سامپۇل يېزىسىنىڭ جەنۇبىدىن ئۈچ كىلومېتىر كېلىدىغان قەدىمكى دەريا ساھىلىغا جايلاشقان. بۇ قەۋرىستانلىقتىن قېزىۋېلىنغان زور بىر تۈركۈم خوتەن ئادەملىرى سۆڭىكى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، خەن ئەپەندى: «شىنجاڭ لوپ ناھىيىسى شامپۇل قەۋرىستانلىقىدىكى ئادەم سۆڭەكلىرىنىڭ ئىرقى مەسىلىسى» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ، خوتەن ئادىمى توغرىسىدىكى سىرنى يەشتى. ئۇ، سامپۇل قەۋرىستانلىقىدىكى ئادەم سۆڭەكلىرى بىلەن شۇنىڭغا يېقىن ئەتراپتىكى قەدىمكى ياۋروپا ئىرقىنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرى ئۈستىدە ئىنچىكە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، سامپۇل ئادىمى توغرىسىدىكى ئانتروپولوگىيىلىك ماتېرىياللىرىدا، سامپۇل ئادىمىدە ياۋروپا ئىرقىنىڭ ئوتتۇرا يەر دېڭىزى تارمىقى تىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئوچۇق ئەكس ئېتىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بۇ ئادەم سۆڭەكلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى ۋە موڭغۇل يايلىقىدا ياشىغان موڭغۇلوئىد قەبىلىلەردىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئەمما، ياۋروپا ئىرقىدىكى باشقا تارماقلار بىلەن قانداشلىق ئالامەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر نەچچە ئەسىر ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇنقى ئوتتۇرا يەر دېڭىزى تارمىقىنىڭ بىر بۆلۈك ئاھالىسى پامىردىن ئۆتۈپ، تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىدىكى بوستانلىقلارنى بويلاپ ئۈزلۈكسىز سۈرۈلۈپ، شىنجاڭنىڭ لوپنۇر رايونىغىچە يېتىپ كەلگەن» دەپ كۆرسەتتى. بۇ كۆز قاراش ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. مەسىلەن، غەربىي رايون مىللەتلىرى تىلى بويىچە، مەشھۇر مۇتەخەسسىس، دۆلەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى لىن مېيچۈن «خەن ئەپەندىنىڭ بۇ يەكۈنى تىل مۇتەخەسسىلىرىنىڭ خوتەن تىلى ئۈستىدە ئېلىپ بارغان تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ئوخشاش» دەپ ھېسابلىدى. (لىن مېيچۈننىڭ: خوتەن مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشى ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى» سەرلەۋھىلىك ئەسىرىگە قارالسۇن. «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1995 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى)

«ماتېرىيال كارتىنلىرى ژۇرنىلى» 1996 ـيىلى 4 ـ سان 4 ـ بېتىدىن قەمبەرنىسا تەرجىمە قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھىندىئانلارنىڭ جۇڭگو مىللەتلىرى بىلەن تۇغقانچىلىقى ۋە مەدەنىيەتتە قوشۇلۇش مۇناسىۋىتى

شۈي پىڭ

لاتىن ئامېرىكىسىدا ھازىرغىچە 40 مىليون ھىندىئان بار. ئۇلار ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ئوخشاش بولمىغان تىللاردا سۆزلىشىدۇ، ناھايىتى كەڭ مەدەنىيەت رايونلىرىغا بۆلۈنۈپ ياشايدۇ، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان ئېكولوگىيىلىك سىستېما ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلات فورمىلىرىغا ئىگە شەرقى ئاسىيانىڭ چىلى ئۇچىدىن تاكى ئاتلانتىك ئوكيانىنىڭ قىرغىقىغىچە بولغان 16 مىڭ كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كەڭ زېمىن ھىندىئانلارغا ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ياشاپ كۆپىيىپ ماكاندىغان ماكان بولغان.

16 ـ ئەسىردە ياۋروپالىقلار ئامېرىكا قىتئەسىگە بارغاندا، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ئەڭ مۇھىم مەسىلە ئەشۇ سېرىق تەنلىك ئادەملەرنىڭ ئانا يۇرتى ۋە كېلىپ چىقىش تارىخى ھەققىدىكى مەسىلىلەر بولغان ئىدى. بۇلار ياۋروپالىقلارنىڭ ئالدىدا جەڭگىۋارمىدى ياكى يۇۋاش ـ يۇمشاقمىدى؟ دەسلىپىدە ياۋروپالىقلار بۇ سېرىق تەنلىكلەرنىڭ توجورلار ئىكەنلىكىنى بىلمەي، «بۇلار ئېھتىمال دۇنيانىڭ يەنە بىر چېكىسىدىن كەلگەندۇ» دېگەن ئويدا بولدى. بۇلارنىڭ زادى قەيەردىن كەلگەنلىكى تاكى ھازىرغىچە ئارخېئولوگلارنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان تەتقىقات تېمىلىرىدىن بىرى بولۇپ كەلمەكتە. مەيلى ئۇلار قانچە يىللاپ تەتقىق ئېلىپ بارسۇن، مەيلى قانچىلىك خارابە ۋە ئاسارە ـ ئەتىقىلەرنى تېپىپ چىقسۇن، ئۇلار يەر شارىنىڭ پەيدا بولۇشى نۇقتىسىدىن ھىندىئانلار ئاسىيادىن كەتكەن دېگەن قاراشقا ئورتاقلاشماقتا.

پارىژ ئىنسانىيەت مۇزىيىنى يېڭىباشتىن قۇرغۇچى فرانسىيىلىك ئىنسانشۇناس بور. رىۋال ئامېرىكىلىقلار ئاسىيالىقلاردىن كېلىپ چىققان دەپ قارىماقتا. ئىرقلارنىڭ كېلىپ چىقىش نەزەرىيىسىدىن قارىغاندا، ئۇلار ھىندىئانلارنى بىر نەچچە شەرقتىن كېلىپ چىققان دەپ قارايدۇ. كۆپلىگەن تارىخىي ماتېرىياللارنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۇلار لاتىن ئامېرىكىسىدىن ئادەملەرنىڭ جۇڭگولۇقلار بىلەن ھەر تەرەپلىمە باغلىنىشى بارلىقىنى بايقىدى. ھازىر لاتىن ئامېرىكىسىدىكى توجورلار بىلەن جۇڭگولۇقلارنىڭ تۇغقانچىلىقى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى قوشۇلۇشى توغرىسىدا تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز.

## 1. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ھىندىئانلارنىڭ ئەجدادلىرى بىلەن جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى

1) ئىنسانلار تارىخىدىكى ئۈچ چوڭ ئىرقنىڭ شەكىللىنىشى

ھىندىئانلارنىڭ ئەجدادلىرى بىلەن جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىنى بىلمۈېلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن چوقۇم ئىنسانىيەتنىڭ مەنبەسى ۋە تۈرلەرگە ئايرىلىشىنى بىلمۈېلىشتا توغرا كېلىدۇ.

ئارخېئولوگلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ئىنپاتلىرىغا ئاساسلانغاندا، تەخمىنەن ئىككى مىليون يىللار ئىلگىرى ئىنسانلار ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىسمىدا پەيدا بولغان. بىر مىليون يىللار ئىلگىرى ئىنسانلار ئافرىقىدىن ياۋروپا ۋە ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا تارقىلىشقا باشلىغان. ئۇزاق مۇددەتلىك ئاسمىلياتسىيە جەريانىدا ئۆزلىرى تۇرغان ئورۇننىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئىنسانلار ئۆزىگە ماس خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئۈچ خىل ئىرقلار تۈركۈمىنى ھاسىل قىلغان: (1) ئافرىقا ئىسسىق بەلباغ تورلەڭلىكىدە ياشايدىغان نېگىرلار ئىرقى. (2) ياۋروپانىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشايدىغان كاۋكازلىقلار

ئىرقى؛ (3) ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدا ياشايدىغان مۇڭغۇللار ئىرقى. ئىسسىق بەلباغ رايونىدا ياشىغاچقا، ئۆز بەدىنىدىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنى ئۈزلۈكسىز هالدا چىقىرىپ تۇرۇش ئېهتىياجى تۇپەيلىدىن تەرەققىيات جەريانىدا نېگىرلارنىڭ پۇت، قوللىرى بىر قەدەر ئۇزۇن بولۇپ يېتىلگەن. كاۋكازلىقلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا ئۇلترا بىنەپشە نۇرنىڭ چۈشىشى كۈچلۈك. مۇشۇنداق شارائىتقا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تېرىسى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ ئاچ رەڭگە كىرگەن، بۇنىڭ بىلەن ئۇلترا بىنەپشە نۇردىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، سۆڭەك مۇسكۇللارغا كېرەكلىك بولغان ۋىتامىن پەيدا قىلىنغان. شۇنىڭغا ئوخشىغان هالدا تەخمىنەن 30 ـ 40 مىڭ هاۋا كېلىماتى شارائىتىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، مۇڭغۇل ئىرقى بىلەك، پۇتلىرى نىسبەتەن قىسقا، ياپىلاق بۇرۇن، ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئىنچىكە، كۆز قاراقلىرى قېلىن بولۇپ يېتىلگەن.

2) لاتىن ئامېرىكىسىدىكى هىندىئانلارنىڭ ئەجدادلىرى

هىندىئانلارنىڭ كېلىش تارىخى توغرىسىدا توختالغاندا ئالىملار ئۇلارنى ئاسىيادىن كەلگەن؛ جۇڭگودىكى مۇڭغۇللارغا تەۋە دەپ قارايدۇ. گەرچە، ئالىملارنىڭ ئۇلارنىڭ ئامېرىكا قىتئەسىگە كەلگەن يىل دەۋرى توغرىسىدىكى پىكىرلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما هەممىسى بىردەك: بىرقانچە قېتىملىق ئاسىيا كۆچمەنلىرى دولقۇنىدا بۈگۈنكى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى هىندىئانلار توركۈمى شەكىللەنگەن، دېگەننى قۇۋۋەتلەيدۇ.

ئارخېئولوگلارنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلىرىغا ئاساسلانغاندا، هازىر لاتىن ئامېرىكىسىدا ياشاۋاتقان هىندىئانلار، ئوكيانىيە ۋە تىنچ ئوكيان ئاراللىرىدا ياشاۋاتقان يەرلىك مىللەتلەر بىلەن ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى ئاساسىي مىللەتلەر توپىنىڭ روشەن ئورتاقلىقى بار، شۇنداقلا روشەن پەرقىمۇ بار. بۇ ئىرقلارنىڭ كۆپ مەنبەلىك نەزەرىيىسىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بۇ هىندىئانلارنىڭ قايسى چاغدا قەيەردىن كەلگەنلىكى توغرىسىدا ئالىملار نەچچە ئون يىللاپ ئارخېئولوگىيىلىك ئىسپاتلاش ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، بىرلىككە كەلگەن خۇلاسىنى چىقاردى.

جۇڭگو سىبىرىق تەنلىكلەر ئىرقىنىڭ پەيدا بولغان يېرى، هەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئارخېئولوگلىرى بىردەك: مىلادىدىن قىرىق مىڭ يىل ئىلگىرىكى ۋاسكانسىن بىرىنچى قېتىملىق مۇزلۇق هەرىكىتى دەۋرىدە هەر قايسى يوللاردىن باشلانغان كۆچمەنلەر دولقۇنى پەيدا بولغان دەپ قارايدۇ. ئەينى چاغدا يەر شارىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن بولۇپ، غايەت زور مۇزلۇقلار يەر شارىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ئوراپ تۇراتتى. دېڭىز يۈزىدىن هەم هازىرقىغا قارىغاندا 700 ـ 1200 مېتىر تۆۋەن ئىدى. هازىرقى تىرەنلىكى 42 مېترغا يېتىدىغان بەيلىڭ بوغۇزىمۇ قۇرۇقلۇققا ئۆتىدىغان بىر كۆۋرۈككە ئايلانغانىدى. كۆپلىگەن ئاسىيالىق كۆچمەنلەر مۇشۇ كۆۋرۈك ئارقىلىق ئۆتۈپ ئامېرىكا قىتئەسىگە كەلگەن. ئامېرىكا قىتئەسىگە تۇنجى توركۈمدە كەلگەن كۆچمەنلەر كەڭ پېشانىلىقلار بولۇپ، ئۇلار ئاسىيانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى سىبىرىيە ياكى ئالياسكادىن كەلگەن. يېڭىلىنىشتىن ئىبارەت ئۇزۇن بىر مەزگىل ئىچىدە ئالياسكا بىلەن ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئۆز ئارا تۇتىشىپ كەتكەن. كونا قۇراللار دەۋرىدە جەنۇبتىكى قەدىمكى مايمۇنسىمان ئادەملەر ئامېرىكا قىتئەسىگە كەلگەن ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ساندىئالىقلارنىڭ ئۆڭكۈر مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ ئىدى. ۋىسكانسىن مۇزلۇق كۆچۈش هەرىكىتىدىن كېيىن، ياۋروپا، ئامېرىكا ئىككى چوڭ قۇرۇقلۇق ئارىسىدا ئۆتۈشۈۋاتقان كىشىلەر توپىنىڭ هەرىكىتى توسۇلۇپ، ئىككى چوڭ قۇرۇقلۇق ئارىسىدىكى قاتناش ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ، ئامېرىكا قىتئەسى ئايرىلىپ ئايرىم بىر قۇرۇقلۇق بولۇپ شەكىللەنگەن. ساندىئا ئۆڭكۈر مەدەنىيىتى مانا مۇشۇ يەردە گۈللەنگەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 15 مىڭ

يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ساندىئا ئۆڭكۈر مەدەنىيىتى ئاساسىي ئورنىغا ئۆتكەن. ئىككى چوڭ قورۇقلۇق ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئالاقىسى قايتا باشلانغاندىن كېيىن، سىبىرىيە تېپىدىكى يېڭى كىشىلەر توپى يەنە ئامېرىكا قىتئەسىگە سىڭىشىپ كەتكەن. بۇ كىشىلەر فورسوم ۋە كېرووش ئۇچلۇق تاش قوراللار مەدەنىيىتىنى ئۇ يەرگە ئېلىپ بارغان.

ئىككىنچى قېتىملىق زور كۆچۈش دولقۇنى ئوتتۇرا تاش قوراللار دەۋرىدە باشلانغان. سىبىرىيىلىكلەر ياغاچ كېمىلەرنى ھەيدەپ بۇ يەرگە كەلگەن. بۇ كىشىلەر دەسلەپكى باسقۇچتىكى كەڭ پېشانىلىقلار ئىدى. توپ ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا، بۇ مەدەنىيەت تىپىك دېڭىز ـ ئوكيان مەدەنىيىتىگە تەۋە ئىدى. ۋاقىت ۋە ئورۇننىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بۇ كىشىلەر ئوخشىمىغان مىللەتلەر تىپىنى، مەسىلەن، ئېسكىموسلار، كالىفورنىيىلىكلەر ۋە يانار تاغ ئارىلى كىشىلىرىنى ھاسىل قىلغان. بۇ تۈركۈمدىكى كىشىلەر بىلەن ئالدىنقى تۈركۈمدىكى كىشىلەرنىڭ پەرقى ئۇلاردا موڭغۇللارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى يوق ئىكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. جۇڭگونىڭ بەزى ئارخېئولوگلىرى ئېسكوموسلار بىلەن ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى ئۇلۇنچۇلارنى ئوخشاش بىر مىللەت دەپ قارايدۇ.

ئۈچىنچى قېتىملىق زور كۆچۈش دولقۇنى يېڭى تاش قورال دەۋرىدە يۈز بەرگەن. بۇ ئىقىمنى تەشكىل قىلغۇچىلار تار پېشانىلىقلاردۇر. بۇ كىشىلەر موڭغۇل ئىرقىدىكىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئالغان. ئۇلار دېڭىزدىن ئامېرىكا قىتئەسىگە كەلگەن. ئۇلار بىر خىل تېرىقچىلىقنى ئاساس قىلغان مەدەنىيەتنى قوللانغان.

ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق زور كۆچۈش دولقۇنى دېڭىز بويىدىكى يوللار ئارقىلىق ئورۇنلانغان. ئۇلار پولىنىيە بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىگە كىرگەن. ھازىرقى لاتىن ئامېرىكىسىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەدەنىيەت، ئاز تېك مەدەنىيىتى، مايا مەدەنىيىتى، كېچۇيە مەدەنىيىتى دەل مۇشۇ قېتىمقى خەلقلەرنىڭ زور كۆچۈش دولقۇنى تۈرتكىسىدە گۈللىنىشكە قاراپ يۈزلەنگەن. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك ئىسپاتلىرىغا قارىغاندا، بۇ قېتىمقى خەلقلەرنىڭ زور كۆچۈش دولقۇنى كولومبۇ ئامېرىكا قىتئەسىنى تېپىشتىن ئىككى مىڭ يىل ئىلگىرى باشلانغان.

ئومۇمەن، ئۈچ مىڭ يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە موڭغۇللار كانادادىن كېچىيىپ، جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ ئەڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى يانار تاغ ئارىلىغا يېتىپ بارغان. ئامېرىكا قىتئەسىدە كۆپىيىش، گۈللىنىش، قوشۇلۇش ئارقىلىق، ئاخىرىدا بۈگۈنكى لاتىن ئامېرىكىسى يەرلىك ھىندىئان كىشىلىرىنى شەكىللەندۈرگەن. ئىسپانىيىلىكلەر 16 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا، ئامېرىكا قىتئەسىدە 90 مىليون ھىندىئان بار ئىدى.

پەقەت جەنۇبىي ئامېرىكىدا 10 مىليون ھىندىئان بار ئىدى ،① بۇنىڭ ئىچىدە ئۈچتىن ئىككى قىسىم كىشىلەر ئاندىس تېغىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان ئىدى.

قىسقىسى، مەيلى ئىرقىي مەنبەسى ياكى تېرىسىنىڭ رەڭگىدىن قارايلى، يۇقىرىدىكى تارىخىي دەلىللەر لاتىن ئامېرىكىسىدىكى يەرلىك ھىندىئانلار بىلەن جۇڭگو مىللەتلىرى ئوتتۇرىسىدا قانداشلىق مۇناسىۋىتى بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. خۇددى چىڭ سۇلالىسىنىڭ پېرۇدا تۇرۇشلۇق سەنزەنى شې شىچۈەن «مېكسىكا ھەققىدە قىسقىچە بايان» دېگەن ئەسىرىدە يازغاندەك: «سېرىق تەنلىكلەر تۇجۇ (يەرلىك ھىندىئانلار) غا يېقىن، چىراي شەكلى موڭغۇللارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. جۇڭگولۇقلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا يۇرتداشلارغا ئوخشايدۇ»

بارىجان زەپەر تەرجىمىسى

---

① ئامېرىكىنىڭ «كىتابخانىلار ماقالىلىرىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلى 1992 ـ يىل 3 ـ ئايدىكى سانى.

# ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۇنجى رومان — «يۈەنشى ھېكايىلىرى»

## قەيسەر قدىيۇم

زىشىبۇ ياپونىيىنىڭ پىڭئەن خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئەڭ مەشھۇر ئايال يازغۇچى. ئۇنىڭ «يۈەنشى ھېكايىلىرى» ناملىق رومانى قەدىمكى ياپونىيە ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن ۋەكىل خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنى پۈتكۈل ياپونىيە كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيىتى دېيىشكە بولىدۇ.

زىشىبۇنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقتى توغرىسىدا ھازىرغىچە ئېنىق مەلۇمات يوق، تەتقىقاتچىلار ئەسىرىدىكى بەزى مەلۇماتلارغا ئاساسەن، ئۇنى تەخمىنەن مىلادى 978 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 1015 ـ يىلى ۋاپات بولغان دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى تېڭشىبۇ بولۇپ، كېيىن «يۈەنشى ھېكايىلىرى» رومانىدىكى ئايال باش قەھرىمان زىشاڭ كىشىلەر تەرىپىدىن كەڭ تەرىپلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى كىشىلەر زىشىبۇ دەپ ئاتىغان.

ئايال يازغۇچى زىشىبۇ ئوتتۇرا قاتلام ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بوۋىسى، دادىسى ۋە ئاكىلىرى ئەينى زامانىنىڭ داڭلىق شائىرلىرى ئىدى. شۇڭا زىشىبۇ بالىلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا ئەدەبىياتقا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلاپ، شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن. ئۇ 14، 15 ياشلارغا كىرگەندە شېئىر يېزىشتا مەھەللە ـ يۇرتقا تونۇلغان. 20 ياشقا كىرگەندە يېشى 50 كە يېقىنلاشقان ئاقسۆڭەك تېڭيۈەن شۈەنشاۋغا مەجبۇرى ياتلىق قىلىنغان. ئەينى چاغدا تېڭيۈەن شۈەنشاۋنىڭ ئۈچ خوتۇنى بولۇپ، زىشىبۇ بولسا ئۇنىڭ 4 ـ خوتۇنى ئىدى. شۇڭا زىشىبۇنىڭ نىكاھلىق تۇرمۇشى كۆڭۈلسىز ئۆتكەن. تېخىمۇ ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى، ئۇ بىر بالا تۇغۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ، پۈتۈن مال ـ بىساتىدىن ئايرىلىپ، دادىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ تول ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان. 29 ياشقا كىرگەندە ئوردىغا تەكلىپ قىلىنىپ، چوڭ ئاقسۆڭەك تېڭيۈەن داۋجاڭنىڭ قىزى جاڭزىغا كۈتكۈچى بولغان ھەمدە جاڭزىغا «ياپون خاتىرىلىرى»، بەي جۈيى شېئىرلىرىدىن تەلىم بەرگەن.

بۇ دەۋر دەل پادىشاھ قورچاققا ئايلاندۇرۇلغان، چوڭ ئاقسۆڭەك تېڭيۈەن داۋجاڭ نايىپلىق ھوقۇقىنى قولىغا كىرگۈزىۋالغان دەۋر ئىدى. بۇ دەۋردە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەت، بولۇپمۇ پادىشاھ جەمەتى بىلەن تېڭيۈەن جەمەتى ئوتتۇرىسىدىكى بايلىق ۋە ھوقۇق تالىشىش كۈرىشى ئىنتايىن ئۆتكۈرلەشكەن ئىدى، ئۇلار ئوردا سۇيىقەستى، شۇنىڭدەك تەخت ۋارىسلىقىنى تالىشىش كۈرىشى بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماي، خەلقنى تالان ـ تاراج قىلىش ھېسابىغا ھەدەپ بايلىق توپلاپ، ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇشقا بېرىلگەن ئىدى. نەتىجىدە ئىجتىمائىي زىددىيەت تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ، خەلق نامراتلىشىپ، ئوردا چىرىكلىشىپ، دۆلەت خارابلىشىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئىدى.

زىشىبۇ ئوقۇمۇشلۇق ئاقسۆڭەك ئايال بولغاچقا، ئۇ بىر تەرەپتىن پىڭئەن خاندانلىقى دەۋرىدىكى بۇ خىل ئەھۋالغا قارىتا ئېچىنغان ۋە ئىنساپلىق، ئادىل سىياسىئوننىڭ دۆلەت باشقۇرۇشىنى ئارزۇ قىلغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئوردا ھاياتىنى، بولۇپمۇ يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلەر، جۈملىدىن ئاقسۆڭەك قىز ـ يىگىتلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ئەتراپلىق ۋە ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەن ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى، قىزىقىشى، پسىخىكىسى قاتارلىقلارغا قارىتا چوڭقۇر چۈشەنچە ھاسىل قىلغان. بۇلار ئۇنىڭ «يۈەنشى

ھېكايىلىرى» رومانىنى ئىجاد قىلىشىغا پۇختا ئاساس سېلىپ بەرگەن.

«يۈەنشى ھېكايىلىرى» رومانىنى زىشىبۇ تۆل ئۆتكەن مەزگىللەردىلا يېزىشقا باشلىغان بولۇپ، ئوردىدا جاڭزىغا كۆتكۈچى بولغاندىن كېيىن بارا ـ بارا يېزىپ تاماملىغان. رومانىنىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى ھەققىدە ھازىرغىچە ئېنىق مەلۇمات يوق، ئەمما كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلار ئۇنى 1001 — 1008 ـ يىلى ئارىلىقىدا بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ.

«يۈەنشى ھېكايىلىرى» رومانى جەمئىي 54 باب بولۇپ، 3 قىسىمغا بۆلۈنگەن. ئەسەردە 400 دىن ئارتۇق پېرسوناژ تەسۋىرلەنگەن. پۈتۈن ئەسەر خەنزۇچە خەت ھېسابىدا تەخمىنەن 1000000 خەت كېلىدۇ.

روماندا ئاساسەن شاھزادە گىۋاڭ يۈەنشىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى تەسۋىرلەنگەن. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەقەلىكى مۇنداق:

شاھزادە گىۋاڭ يۈەنشى پادشاھ تۇڭخۇنىڭ ئوغلى بولۇپ، قائىدە بويىچە تەخت ۋارىسى بولۇشقا تېگىشلىك ئىدى. بىراق، ئانىسى تۇڭخوگىڭيى (گىۋاڭ يۈەنشىنى تۇغۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، خانىش خوڭۇيىدىيەننىڭ ھەم باشقا توقاللارنىڭ ھەسەتخورلۇق قىلىشى ۋە زۇلۇمى ئاستىدا دەرت ئەلەمدە ئۆلۈپ كېتىدۇ) نىڭ تەركىبى تۆۋەن بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈت تىرەپ تۇرىدىغان بىرەر مۇھىم ئادىمى بولمىغاچقا، پادشاھ تۇڭخۇ خانىش خوڭۇيىدىيەن ۋە ئوڭ قول ۋەزىرىنىڭ بېسىمى ئاستىدا شاھزادە جۇچۈنى تەخت ۋارىسى دەپ جاكارلاپ، شاھزادە گىۋاڭ يۈەنشىنى ۋەزىرلەر پەرزەنتى قاتارىغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا يۈەنشى دېگەن فامىلىنى ھەدىيە قىلىدۇ. يۈەنشى تۇغۇلۇشىدىنلا ناھايىتى چىرايلىق، ناخشا، مۇزىكىغا خۇشتار بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى گىۋاڭ يۈەنشى دەپ چاقىرىدۇ. گىۋاڭ يۈەنشى 10 ياشقا كىرگەن يىلى پادشاھ تۇڭخۇ مەلىكە تېڭخۇنى توقاللىققا ئالىدۇ. گىۋاڭ يۈەنشى مەلىكە تېڭخۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن ئۆز ئانىسىغا بەكمۇ ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق بىللە بولىدۇ، ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ ھەمدە بالاغەتكە يەتكەندە ئۇنىڭ بىلەن ئاشىق ـ مەشۇق بولۇپ قالىدۇ (كېيىن تېڭخۇ لىڭچۈەن ئىسىملىك بىر ئوغۇل بالا تۇغىدۇ).

گىۋاڭ يۈەنشى 12 ياشقا كىرگەندە سول قول ۋەزىرىنىڭ قىزى كۇيشاڭ بىلەن توي قىلىدۇ. بىراق كۇيشاڭنىڭ مىجەزى سوغۇق، ئۆزى يىقىمسىز بولغاچقا، گىۋاڭ يۈەنشىنىڭ ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشمەيدۇ ھەمدە مەلىكە تېڭخۇ بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ. ئۇ 17 ياشقا كىرگەن يىلى، بىر كۈنى يېرىم كېچىدە يەرلىك ئەمەلدار يىيۇجەننىڭ ھوجۇرىسىغا سوقۇنۇپ كىرىپ، ئۇنىڭ ياش ھەم گۈزەل خوتۇنى كۇڭچەنگە كۆڭلىنى ئىزھار قىلىدۇ، كۇڭچەن ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا باسقۇنچىلىق قىلىدۇ. بۇ ئىش بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ يەنە شيەن ئىسىملىك بىر قىز بىلەن ئاشىق ـ مەشۇق بولۇپ قالىدۇ، ئۇ قىز ئىنتايىن مۇلايىم بولۇپ، گىۋاڭ يۈەنشى شيەننى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، ئەپسۇسكى، شيەن تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كېتىدۇ.

گىۋاڭ يۈەنشى 18 ياشقا كىرگەندە مەلىكە تېڭخۇنىڭ جىيەن قىزى زىشاڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ (بۇ چاغدا زىشاڭ تېخى بالا ئىدى)، زىشاڭ بەكمۇ چىرايلىق بولغاچقا، يۈەنشى ئۇنىڭدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي، ئۇنى ئۆزىنىڭ سارىيىغا ئېلىپ كېلىپ، بىر قوللۇق تەربىيىلەپ، كۇيشاڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى چوڭ خوتۇنلۇققا ئالىدۇ. شۇ يىلى، يۈەنشى يەنە ۋاپات بولۇپ كەتكەن شاھزادە چاڭلۇنىڭ قىزى مۇزىخۇا بىلەن تونۇشۇپ باردى ـ كەلدى قىلىدۇ، مۇزىخۇانىڭ چىراي ـ شەكلى ئادەتتىكىچە بولغاچقا، ئۇزۇن ئۆتمەي يۈەنشىنىڭ ئۇنىڭدىن كۆڭلى سوۋۇپ كېتىدۇ. ئەمما مۇزىخۇا بولسا گىۋاڭ يۈەنشىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ياخشى كۆرىدۇ.

گىۋاڭ يۈەنشى 21 ياشقا كىرگەن چېغىدا مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇنىنىڭ گېنىراللىقىغا كۆتۈرۈلۈپ،

سىياسىي جەھەتتە يۇقىرى مەرتىۋىگە ئېرىشىدۇ. بىراق، دەل مۇشۇ پەيتتە، دادىسى پادىشاھ تۇڭخۇ قازا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ تەختىگە خانىش خۇڭخۇيىدىيەندىن بولغان ئوغلى جۇچۇ ۋارىسلىق قىلىدۇ. جۇچۇ پادىشاھ بولغاندىن كېيىن گۇاڭ يۈەنشى بىلەن سول قول ۋەزىر چەتكە قېقىلىدۇ. كېيىن گۇاڭ يۈەنشىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرنىڭ قىزى لوڭ يۈيە بىلەن بولغان خۇپىيانە مۇناسىۋىتى پاش بولۇپ قېلىپ، گۇاڭ يۈەنشى ئوردىدىن بىراقلا قوغلاپ چىقىرىلىپ، شۇمو دېگەن جايغا پالىنىدۇ.

يۈەنشى شۇمو دېگەن جايغا بارغاندىن كېيىن، شۇ يەردىكى بىر يەرلىك ئەمەلدارنىڭ مىڭشى ئىسىملىك قىزى بىلەن توي قىلىدۇ. ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، پادىشاھ جۇچۇ ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، تەختنى شاھزادە لىچۈەن (مەلىكە تېڭخۇ بىلەن گۇاڭ يۈەنشىدىن بولغان بالا) گە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. لىچۈەن تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، گۇاڭ يۈەنشىنى ئوردىغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭ ئەمەلىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. كېيىن پادىشاھ لىچۈەن گۇاڭ يۈەنشىنىڭ ئۆز دادىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ئۆزىگە ئوڭ قول ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن گۇاڭ يۈەنشى نايىپلىق ھوقۇقىنى قولىغا ئېلىپ، ھاياتىنىڭ ئەڭ شانۇ - شەۋكەتلىك دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ ھەمدە ھەشەمەتلىك ئىككى ساراي سالدۇرۇپ، ئۆزى ئىلگىرى ياخشى كۆرگەن ۋە مۇھەببەت باغلىغان ئون نەچچە ئايالنى سارايغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنىمۇ «بەخت» كە ئېرىشتۈرىدۇ.

گۇاڭ يۈەنشى 40 ياشقا كىرگەندە، تەختتىن چۈشكەن پادىشاھ جۇچۇ ئۆزىنىڭ 14 ياشلىق قىزى شەنگۇڭنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىدۇ. بۇ ئىش بىلەن ئۇنىڭ ئامراق خوتۇنى زىشاڭ ھەسرەت ئىچىدە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپ، ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كېتىدۇ. زىشاڭنىڭ ۋاپاتى گۇاڭ يۈەنشىنى قاتتىق ئازابلايدۇ. كېيىن، گۇاڭ يۈەنشى ئۆزىنىڭ ياش خوتۇنى شەنگۇڭ بىلەن ياش ئاقسۆڭەك بومۇ ئوتتۇرىسىدىكى خۇپىيانە مۇناسىۋەتنى سېزىپ قالىدۇ، شەنگۇڭ بىر ئوغۇل بالا تۇغۇپ (بۇ بالا بومۇغا بەكمۇ ئوخشايدۇ) ئۇزۇن ئۆتمەي، بومۇ قورقۇنچ ئىچىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدۇ، شەنگۇڭ بولسا چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، تاغدىكى بۇتخانىغا بېرىپ راھىبە بولىدۇ. بۇ ئىش گۇاڭ يۈەنشىگە قاتتىق زەربە بولىدۇ ھەمدە ئۇنى مەنىۋى جەھەتتىن ئۆزۈل - كېسىل بەربات قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ بۇددا دىنىغا مۇرت بولۇپ، ئۆزىگە تەسەللى ئىزدەيدۇ. ئۇ تەخمىنەن 56 يېشىدا ۋاپات بولىدۇ.

روشەنكى، بۇ ئەسەردە باش قەھرىمان گۇاڭ يۈەنشىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى مەركەزلىك ھالدا تەسۋىرلەنگەن، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆتكۈر ۋە مۇرەككەپ سىياسىي كۈرەشمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىياسىي جەھەتتىكى كۈرەش كۆپ ھاللاردا ئىشق - مۇھەببەت تۇرمۇشى بىلەن زىچ باغلانغان.

گۇاڭ يۈەنشى ئەسەردە يارىتىلغان باش قەھرىمان، ئاپتور گۇاڭ يۈەنشى ئوبرازىنى پىكئەن خاندانلىقى دەۋرىدىكى چېرىك سىياسىي تۈزۈم ۋە ئىجتىمائىي مالىمانچىلىقنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ئاساستا سۈرەتلىگەن ھەمدە بۇ ئوبراز ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ياپونىيە پىكئەن خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئوردا ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ سىياسىي قارىشى ۋە نىكاھ قارىشىنى ئىپادىلىگەن.

ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا گۇاڭ يۈەنشى چىرايلىق ۋە تالانتلىق غايىۋى ئاقسۆڭەك قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ تۇغۇلۇشىدىنلا ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، چوڭ بولغانسېرى چىرايى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتكەندىن باشقا، قابىلىيەتلىك سازەندە، ماھىر ئۇسسۇلچى، خۇش ئاۋاز ناخشىچى ۋە يېتۈك رەسسام بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ، «ئۇ بار بولغانلىكى سورۇنلاردا سازچىلار ساز چېلىشتىن، ناخشىچىلار ناخشا ئېيتىشتىن، ئۇسسۇلچىلار ئۇسسۇل ئويناشتىن، رەسساملار رەسىم سىزىشتىن ئەيمىنىدۇ». ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان قىز - چوكانلار ئۇنىڭغا ئاشىق بىقارار بولماي قالمايدۇ.

دەرۋەقە، ئاپتور گۇاڭ يۈەنشى ئوبرازىنى غايىۋىلاشتۇرغان. ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا گۇاڭ يۈەنشى ھەم مەردانە سىياسىئون، ھەم يوقسۇللارنىڭ دەردىگە يېتىدىغان خەلقپەرۋەر ۋەزىر قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ نام ـ ئاتاق، ھوقۇق ـ مەنسەپ دېگەنلەرگە ئانچە قىزىقمايدۇ، ئوردىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرىدە كۆپ ھاللاردا سەۋرى ـ تاقەت قىلىش، يول قويۇش پوزىتسىيىسىدە بولىدۇ. ئالايلۇق، ئۇلۇغ مول ۋەزىرنىڭ قىزى لۇلۇڭ يۈيە بىلەن مۇھەببەت باغلىغانلىقى تۇپەيلى زەربىگە ئۇچراپ، سىياسىي جەمەتتىن چەتكە قېقىلغان چېغىدا تەشەببۇسكارلىق بىلەن شۇمو دېگەن جايغا بېرىپ، ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ. ئەڭ مۇھىمى بۇ جەرياندا ئۇ تۆۋەندىكى خەلقلەرنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، يوقسۇللارغا كۆيۈنۈپ، ئۇلارنىڭ ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلىدۇ. «ئۆزى كۆيۈمچان، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان كىشى؛ ئۇنىڭ ئاجىزلارغا يار يۆلەكتە بولۇپ، كەمبەغەللەرنى قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشتەك ياخشى ئىش ـ ئىزلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ» دەيدۇ ئۇنىڭ بىر خىزمەتكارى.

ئاپتور يەنە جۇچۈ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك، زورا‌ۋانلىق ۋە خاتىرجەمسىزلىك ۋەزىيىتىنى گۇاڭ يۈەنشى ئۇلۇغ قول ۋەزىر بولۇپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن چاغدىكى خاتىرجەملىك ۋە خەلق شاتلىقىغا چۈمۈلگەن ۋەزىيەت بىلەن سېلىشتۇرۇپ مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ئالەمدىكى بارلىق پۇقرالارنىڭ ھەممىسى ياخشىلىققا مەدھىيە ئوقىدى»، «چالما كېسەككە ئوخشاش پەس ئادەملەر خۇشاللىققا چۆمۈلۈپ، بەگزادىنىڭ ۋەزىر بولغانلىقىنى تەنتەنە قىلىدى ......». ئېنىقكى، بۇ خىل تەسۋىرلەشتە گۇاڭ‌يۈەنشى گۈزەللەشتۈرۈلۈپ، ئاپتورنىڭ سىياسىي غايىسى ۋە ئىلغار ئىدىيىۋى خاھىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ پادىشاھ جۇچۈ تەختتىن چۈشۈپ، ئوغلى لىڭچۈەن تەختكە ئولتۇرغان چاغدا، ئۇ ئۆزىگە بىر ئۆمۈر زىيانكەشلىك قىلغان رەقىپلىرىنى كەچۈرىدۇ ۋە ئاداۋەت ساقلىماي كەڭ قورساقلىق بىلەن ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدۇ، «پۇرسەت بولسىلا خانىش خۇڭ‌ئۈيدىيەننى يوقلاپ، ئۇنىڭغا ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ». دېمەك بۇ يەردە گۇاڭ يۈەنشىنىڭ كەڭ قورساقلىق، مەردانە سىياسىئون ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قارىماققا، روماننىڭ مۇتلەق كۆپ سەھىپىلىرىدە گۇاڭ يۈەنشىنىڭ ئىشىق ـ مۇھەببەت تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن، بۇ جەھەتتە ئاپتور ئۇنى غايىۋىلەشتۈرمىگەن، ئۇنىڭ شەھۋانىلىق، شەھۋەتپەرەسلىك ھەرىكەتلىرىگە قارىتا تەنقىدى پوزىتسىيىدە بولغان. ئۇ ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا ھەم ئەدەب ـ ئەخلاقلىق، ۋۇجۇدىدا ئىشق ـ مۇھەببەت قايناپ تۇرىدىغان قىلىپ تەسۋىرلەنسە، ھەم ھېسسىياتى تۇراقسىز، شاللاق بايۋەتچە قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئاياللارغا ناھايىتى ئەدەبلىك مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇلارغا مېھرىبانلىق يەتكۈزىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇلارنى ئۆزىنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇش ئوبيېكتى قىلىۋالىدۇ ھەمدە يېڭىسىغا ئېرىشسە كونىسىنى تاشلاپ، ھەتتا ئەڭ ئاخىرىغىچە شەھۋانىي نەپسىنى يىغالمايدۇ. بۇنى ئۇنىڭ تېڭخۇ، كۇڭچەن، موزىخوا، زىشاڭ، شيەن، مىڭشى، شەنگۇڭ، يۈەندىيەنچى قاتارلىق ئاياللار بىلەن بولغان ئالاقىسىدىن ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلغان ۋە مۇھەببەت باغلىغان ئاياللارنىڭ ھەممىسى ھەقىقى بەختكە مۇيەسسەر بولالمايدۇ، ھەتتا ئۇنىڭ خوتۇنى بولغان زىشاڭمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ھەسرەتتە ئۆلۈپ كېتىدۇ. كېيىن گۇاڭ يۈەنشى تەرىپىدىن ھەشەمەتلىك سارايغا ئېلىپ كىرىلگەن ئاياللارنىڭ كۆپچىلىكى كۆرۈنۈشتە شانۇ‌شاۋكەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقاندەك بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە دەردىنى ئۆزلىرى بىلىشىدۇ.

يازغۇچى زىشىبۇ رومان باشلىنىش بىلەنلا گۇاڭ يۈەنشىنى ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنىڭ شاللاق بايۋەتچىسى قىلىپ تەسۋىرلىمىگەن، بەلكى خېلى زور دەرىجىدە ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ تەرەققىيات جەريانىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. گۇاڭ يۈەنشىنىڭ ئىشق ـ مۇھەببەت تۇرمۇشى ئاساسەن شەھۋانىلىق، شەھۋەتپەرەسلىككە بېرىلىش، ئىچى زىددىيەتلىك بولۇپ ئازابلىنىش ۋە پۇشايمان قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ

باسقۇچنى بېسىپ ئۆتكەن. بالىلىق چاغلىرىدا ئۇ شۇ قەدەر ساددا، ئوماق ۋە چىرايلىق بولسا، سول قول ۋەزىرنىڭ قىزى كۆيشاڭ بىلەن توي قىلغاندىن باشلاپ ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى بارا - بارا ئۇنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەيشى - ئىشرەتكە بېرىلىپ، نۇرغۇن خوتۇن - قىزلار بىلەن كەيپى - ساپالىق مۇناسىۋەتتە بولدى. ئەمما ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇ بۇ خىل كەيپى - ساپالىق تۇرمۇشتىن زېرىكتى ھەمدە ئىچى زىددىيەتلىك بولۇپ، ئازابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ ياش خوتۇنى شەنگۆنىڭ بومۇ بىلەن بولغان غەيرى مۇناسىۋىتىنى سېزىپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بۇرۇن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ۋە ۋاپاسىزلىقلىرىغا پۇشايمان يەيدۇ، ئۆزىنى ئەيىبلەيدۇ ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى بۇتخانىدا ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

ئاپتور ئەسەردە گۇاڭ يۈەنشى ئوبرازى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن يۇقىرى قاتلام ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ شاللاق، چىرىك تۇرمۇش ئادەتلىرىنى پاش قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىر ئەرگە كۆپ خوتۇنلۇق نىكاھ تۈزۈمى يولغا قويۇلغان شارائىت ئاستىدا، ئاياللارنىڭ ھەقىقى مۇھەببەتكە ئېرىشىش پۇرسىتى كەمدىن كەم بولىدىغان ۋە ئائىلىۋى بەختى كاپالەتكە ئىگە بولمىغان فېئودالىزم جەمئىيىتىدە ئۆزىنىڭ غايىۋى ئەرگە بولغان ئىنتىلىشىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئەسەردە گۇاڭ يۈەنشىنىڭ ئۆزىدە بار بولغان ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ چىرايىغا ئىشىنىپ كۆپلىگەن ئاياللار بىلەن ئىشق - مۇھەببەتلىك مۇناسىۋەت باغلىشى، بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ شاللاق خاراكتېرىنىڭ مەھسۇلى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ چىرىك ماھىيىتىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

گۇاڭ يۈەنشى پىكىئەن دەۋرىدىكى غايىۋى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تىپى. گۇاڭ يۈەنشى ئوبرازى ئەسەردە گەرچە گۈزەللەشتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ۋەكىللىك خاراكتېرگە ۋە تىپىكلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. روماندا ئاپتور گۇاڭ يۈەنشى ئوبرازىنى سۈرەتلەش ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ كىشىلىك غايىسى ۋە نىكاھ قارىشىنى ئىپادىلەپ، شۇ زاماننىڭ ئاز ساندىكى ئاقسۆڭەكلىرىدە بار بولغان ئاكتىپ ئامىللارنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن پىكىئەن دەۋرىدىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مال - دۇنياغا مۇھەببەت باغلاشتىن تەركىدۇنيا بولۇش، تەركىدۇنيالىقتىن دەرۋىش بولۇشتەك تراگېدىيە تۈسىنى ئالغان تارىخىي تەقدىرىنى نامايان قىلغان.

ئەسەردە ئاياللارنىڭ ئوبرازىمۇ ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك سۈرەتلەنگەن. ئاپتور ئۇلارنىڭ بىر ئەرگە كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم يولغا قويۇلغان ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدىكى خىلمۇ - خىل بەختسىز سەرگۈزەشتىلىرىنى ۋە ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەپ، ئاياللار تەقدىرىگە بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىقى ۋە كۆيۈنۈشىنى ئىپادىلىگەن. روماندا يارىتىلغان ئاياللار ئوبرازى ئىچىدە روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە بولغانلىرىدىنلا نەچچە ئونى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تېڭخۇ، زىشاڭ، كۇڭچەن، موزىخۇا، مىڭشى، شيەن، شەنگۆڭ قوجۇ قاتارلىق ئوبرازلار ۋەكىللىك خاراكتېرگە ۋە تىپىكلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئالايلى، زىشاڭ «يۈەنشى ھېكايىلىرى» روماندا يارىتىلغان ئاياللار ئوبرازى ئىچىدە ئەڭ كۆپ قەلەم تەۋرىتىلگەنلەرنىڭ بىرى، ئۇ ئاپتورنىڭ غايىسى مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن ئايال باش قەھرىمان.

زىشاڭ ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، كىچىكىدىنلا ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان بولغاچقا، مومىسى بېقىپ چوڭ قىلغان. مومىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، يۈەنشى ئۇنى ئۆز سارىيىغا ئېلىپ كېلىپ بېقىۋالغان. گۇاڭ يۈەنشىنىڭ تەربىيىسى ئاستىدا زىشاڭ ئۇستا رەسسام، ئىقتىدارلىق شائىر ۋە تالانتلىق سازچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە چىرايى بارغانسېرى گۈزەللىشىپ، يۇرۇش-تۇرۇشى، تەقى - تۇرقى كىشىلەرنى ئەيمەندۈرىدىغان ئاقسۆڭەك ئايالغا ئايلىنىدۇ. «يۈەنشى باردى - كەلدى قىلغان نەچچە ئون ئايالنىڭ ئىچىدە پەقەت زىشاڭلا ئۇنىڭ (ئەمەلىيەتتە ئاپتورنىڭ) گۈزەللىك

www.uyghurkitap.com



ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن» كېلىدۇ.

ئاپتور زىشاڭ ئوبرازىنى گۇاڭ يۈەنشى مۇناسىۋەت قىلغان كۆپلىگەن ئاياللارغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق سۈرەتلىگەن. ئەسەردە كويشاڭ مىجەزى سوغۇق، لوڭ يۆيە خۇشخۇي، تېڭخۇ غەمكىن، كۇڭجەن ئېغىر بېسىق، مۇزىخۇا كۆرۈمسىز، فۇجۇ جاھىل قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئەمما زىشاڭ ئۇلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. «مەيلى قايسى جەھەتتىن قارىغاندا ئۇنىڭ قەلبىمۇ، تاشقى كۆرۈنۈشىمۇ گۈزەل بولۇپ، ھېچقانداق ئەيىبى يوق» ، چىراي شەكلى ۋە تەقى ـ تۇرقى جەھەتتىن ئالغاندا ئۇ مەلىكە تېڭخۇ ۋە شىيەنگە ئوخشاش گۈزەل بولۇپ، كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. ئەمما بۇ ئىككى ئايال يۈەنشىگە غەم ئەندىشە ۋە ئازابتىن باشقا ھېچ نىمە ئېلىپ كەلمەيدۇ. پەقەت زىشاڭلا ئۇنى ھەقىقى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ. زىشاڭ يۈەنشىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا يۇمشاق مۇئامىلىدە بولىدۇ ۋە ھەقىقى كۆيۈنىدۇ. ئۇنىڭ يۈەنشىگە بولغان مۇھەببىتى ساپ ۋە چىن بولۇپ، ئەزەلدىن ئۇنىڭ دىلىنى ئاغرىتىپ باققان ئەمەس.

بىراق، ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى بۇ «مۇكەممەل ئايال» يەنىلا ھەقىقى بەختكە ئېرىشەلمەيدۇ. ئۇ پۈتۈن مۇھەببىتىنى يۈەنشىگە بېغىشلىغان ۋە ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئۇنىڭغا يۈكلىگەن بولسىمۇ، يۈەنشى ئۆزىنىڭ كونا خۇيىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. ھەتتا زىشاڭنى چوڭ خوتۇنلۇققا ئالغاندىن كېيىن، بىر ياقتىن ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ، ئامراقلىق قىلسىمۇ، يەنە بىر ياقتىن باشقا ئاياللار بىلەن ئەيشى ـ ئىشرەت قىلىدۇ، كېچە ـ كېچىلەپ ئۆيىگە قايتمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن زىشاڭنىڭ قەلبى چوڭقۇر ئازابلىنىدۇ. ئەمما ئۇنى ھەرگىز چاندۇرمايدۇ. پۈتۈن دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ ھېچنىمىنى بىلمىگەنگە سېلىپ يۈرۈۋېرىدۇ. گۇاڭ يۈەنشى 40 ياشقا كىرىپ، ئوڭ قول ۋەزىر بولغاندا، تەختتىن چۈشكەن پادشاھ جۇچۇ سىياسىي جەھەتتىن ئويلۇشۇپ ئۆزىنىڭ 14 ياشلىق قىزى مەلىكە شەنگوڭنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىپ بەرگەندە، زىشاڭ بۇ زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمەي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ھەركۈنى چىدىغۇسىز ئازاب ئىچىدە ياشايدۇ» . بۇ خىل ئېغىر روھى بېسىم ئاستىدا زىشاڭ 40 ياشقا كىرە ـ كىرمەيلا بىر ئەرگە كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم ۋە فېئوداللىق سىياسىي كۈرەشنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ، ھەسرەت ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ياپونىيىنىڭ فېئودالىزم جەمئىيىتىدە ئاياللارنىڭ تەقدىرى ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇلار ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەتتىن مەھرۇم بولۇپ، ھەر قايسى جەھەتتىن ئەرلەرگە بېقىناتتى، ئەمما ئەرلەرنىڭ چىن مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەيتتى. شۇ سەۋەبلىك نۇرغۇن ئاياللار خارلىنىپ ۋە ئازابلىنىپ دەرد ـ ئەلەم ئىچىدە ئۆلۈپ كېتەتتى ياكى راھىبە بولۇشقا مەجبۇر بولاتتى. ئاپتور روماندا ھەر خىل ئاياللارنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، بولۇپمۇ زىشاڭنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق مۇشۇ ئىجتىمائىي مەسىلىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاپتور ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ھايات قارىشى ۋە نىكاھ قارىشىنى ئىپادىلەپ، فېئودالىزم دەۋرىدىكى ياپونىيە ئاياللىرىنىڭ بەخت يولى ئۈستىدە ئىزدەنگەن.

مەزكۇر رومان دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان، ياپونىيىنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان تەتقىقاتچىلار بۇ رومان ئۈستىدە مۇھاكىمە ۋە تەتقىق ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ مەركىزىي ئىدىيىسى ۋە بەدىئىي ئالاھىدىلىكى ھەققىدە ئىزدەندى. ئوخشاش بولمىغان سىنىپ، ئوخشاش بولمىغان ئىدىيىدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان چۈشەندۈرۈشلەر ۋە باھالارنى بېرىشكە تىرىشتى، شۇڭا، ھېچ قايسىسى چەكلىمىلىكتىن خالىي بولالمىدى. بىزنىڭچە، «يۈەنشى ھېكايىلىرى» رومانى مۇئەييەن تارىخىي دەۋر، مۇئەييەن ئىجتىمائىي ھايات، شۇنىڭدەك يازغۇچىنىڭ مۇئەييەن ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ مەھسۇلى، ئۇ فېئودالىزم جەمئىيىتى شەكىللىنىشكە باشلىغان دەۋر، يەنى ياپونىيە پىڭئەن دەۋرىدىكى ئاقسۆڭەكلەر ھاياتىنىڭ ئىنكاسى. روماندا ئاقسۆڭەك گۇاڭ يۈەنشى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئاياللار بىلەن بولغان ھىجران قايغۇسى ۋە ۋىسال شاتلىقىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئاپتورنىڭ گۈزەل كىشىلىك تۇرمۇش غايىسى ئەكس

ئەتتۇرۇلگەن. بىر ئەرگە كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈم ئاستىدىكى ئاياللارنىڭ ئىچىنىشلىق تەقدىرىگە ھېسداشلىق قىلىنغان، ئۇردا ئاقسۆڭەكلىرى ۋە باشقا ئاقسۆڭەكلەرنىڭ خىلمۇخىل ئىدىيىۋى قىياپىتى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۆرۈشى پاش قىلىنغان، مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ھامان زاۋال تاپىدىغانلىقىدەك تارىخىي تەقدىرى ئوبيېكتىپ جەھەتتىن كۆرسىتىپ بېرىلگەن، بۇ ئەسەرنى ئاقسۆڭەكلەر دۇنياسىنىڭ ناھايىتى ئوبرازلىق گۈللىنىش، ھالاكەتكە يۈزلىنىش تارىخى دېيىشكە بولىدۇ.

«يۈەنشى ھېكايىلىرى» رومانى بەدىئىي ئىپادىلەش جەھەتتىمۇ روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بىرىنچىدىن، ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسى پۇختا، پۈتۈن ئەسەر تەخمىنەن بىر مىليون خەت كېلىدۇ، ۋاقىت جەھەتتىن 70 يىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەسەرنىڭ ھەر بىر بابى نىسپىي مۇستەقىل ھېكايە بولسىمۇ، ئەمما پۈتۈن ئەسەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ ھەرگىزمۇ ئايرىم - ئايرىم ھېكايىلەردىن تەركىب تاپقان توپلام بولماستىن، بەلكى ئورتاق پېرسوناژ ئوبرازى، ئورتاق ۋەقەلىك ۋە ئورتاق ئاساسىي ئىدىيىگە ئىگە بىر پۈتۈن بەدىئىي گەۋدە. دېمەك، ھەر قايسى بابلارنىڭ نىسپىي مۇستەقىل بولۇشى ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ۋە مۇكەممەللىكى بىلەن زىچ بىرلەشكەن.

ئىككىنچىدىن، ئەسەردىكى ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ ھەممىسى روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە. ئەسەردە تەخمىنەن 440 پېرسوناژ تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئوبرازى جانلىق، ئىندىۋىدۇئاللىقى گەۋدىلىك، مۇئەييەن تىپىكلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغانلىرىدىنلا نەچچە ئونى بار. ئەسەردە ئاپتور پېرسوناژلارنىڭ مۇرەككەپ پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلىگەن، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بەكمۇ چوڭقۇر قازغان.

ئۈچىنچىدىن، ئەسەرنىڭ تىلى ناھايىتى شىرىن ۋە پاساھەتلىك بولۇپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭدا ياپون تىلىنىڭ نازاكەتلىك ۋە نەپىسلىك ئالاھىدىلىكى روشەن گەۋدىلەنگەن. پۈتۈن ئەسەردە جەمئىي 12 مىڭدىن ئارتۇق ئىبارە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇ ياپون تىلى، بولۇپمۇ ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپە قوشقان.

«يۈەنشى ھېكايىلىرى» قەدىمكى ياپونىيە ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق نامايەندىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ياپونىيە ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇ رومان ئىتالىيە يازغۇچىسى پوگا چىيۇنىڭ «ئون كۈنلۈك سۆھبەت» ناملىق رومانى ۋە ئېلىمىز يازغۇچىسى لوگۇەنجۇڭنىڭ «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» ناملىق روماندىن كەم دېگەندە 300 يىل ئاۋۋال يېزىلغان. شۇڭا، ئۇنى دۇنيا ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن تۇنجى رومان دېيىشكە بولىدۇ.

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار:

(1) «ئاسىيا - ئافرىقا ئەدەبىياتى»، جۇۋېيجى قاتارلىقلار تۈزگەن، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى.

(2) «شەرق ئەدەبىياتى»، مۇھەممەت ئىمىن، تۈزگەن شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى.

(3) «چەت ئەل ئەدەبىياتى»، كۇاڭ شىن قاتارلىقلار تۈزگەن، بېيجىڭ داشۆ نەشرىياتى.

(4) «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئاساسلىرى»، ئابلەت ئۆمەر تۈزگەن، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

(5) «چەت ئەل ئەدەبىياتى نادىر ئەسەرلىرى»، پىڭ دۈەنجى قاتارلىقلار تۈزگەن، نىڭشياخەلق نەشرىياتى.

# تېماتىك پىلان تۈزۈش توغرىسىدا

تۇرسۇن ئابدۇللا

تېما تاللاش، ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش، تەكشۈرۈپ بېكىتىش، پىششىقلاپ ئىشلەشتىن تارتىپ كىتاب زاۋۇتتىن چىقىپ بولغان بارلىق ئىش ھالقىلىرىغا مەسئۇل بولۇش — مۇھەررىرنىڭ بۇرچى، بىر ياخشى مۇھەررىرنىڭ خىزمىتى ئۈستەل ئۈستىدىلا گەۋدىلەنمەيدۇ. بىرگە قادىر، كۆپكە ماھىر بولۇش، بىلىم دائىرىسى كەڭ بولۇش، تېمىنى ياخشى تاللاش، ئەڭ ياخشى كىتابلارنى يېزىشقا ئۇيۇشتۇرالايدىغان ياكى ئەڭ ياخشى ئاپتورلارنى تاللىيالايدىغان بولۇش، ئۆزىگە خاس ئىجادىي روھقا ۋە بازار رىقابىتى ھەققىدە ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە بولۇش — بىر ياخشى مۇھەررىرنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ.

تېما تاللاش — تەھرىرلىك خىزمىتىنىڭ ئاساسى. تېماتىك پىلان تۈزۈش — نەشرىياتنىڭ كەسپىي خىزمىتىدىكى مۇھىم بىر ھالقا. بىر نەشرىياتنىڭ نەشر قىلغان كىتابىنىڭ بازار رىقابىتىدە ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش - قازىنالماسلىقى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ تېماتىك پىلانىنىڭ تاللىنىشىغا باغلىق. بىر نەشرىياتنىڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش - بولماسلىقى ئۇنىڭ نەشر قىلغان كىتابلىرىنىڭ تېماتىك پىلانىنىڭ قانداق تاللانغانلىقىدىن مەلۇم بولىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بىر نەشرىياتنىڭ ئوبرازىنىڭ قانداق بولۇشى، كىتاب قۇرۇلمىسىنىڭ قانداق بولۇشى، رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ قانداق بولۇشى، تەرەققىياتىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇنىڭ تېماتىك پىلانىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

## بىرىنچى، نېمە ئۈچۈن تېماتىك پىلان تۈزۈلىدۇ؟

1. تېماتىك پىلان تۈزۈش — نەشرىياتنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىشى. تېماتىك پىلان بىر نەشرىياتنىڭ يۆنىلىشى ۋە خىزمەت دائىرىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. تېماتىك پىلان ئارقىلىق نەشرىياتنىڭ قانداق كىتابلارنى نەشر قىلماقچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى، بۇ ئارقىلىق ئۇ نەشرىياتنىڭ ئالدىن كۆرەرلىك روھى ۋە ئىجادكارلىق روھىنىڭ بار - يوقلىقىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ. دېمەك، تېماتىك پىلان نەشرىيات خىزمىتىنىڭ بىر ئەينىكى، شۇنداقلا نەشرىيات خىزمىتىنىڭ روناق تېپىش - تاپالماسلىقىدىكى مۇھىم شەرت.

2. تېماتىك پىلان تۈزۈش پارتىيىنىڭ نەشرىياتچىلىق فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، نەشرىيات سوتسىيالىستىك نەشرىياتچىلىق بازىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇ خەلق ئۈچۈن مەنىۋى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بۇ خىل مەھسۇلات بىر خىل ئالاھىدە تاۋار بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر تەرەپتىن قىممەت قانۇنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا، يەنە بىر تەرەپتىن سوتسىيالىستىك نەشرىياتچىلىق پرىنسىپىنىڭ شەرتلىرىنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ شەرتلەر تېماتىك پىلان تۈزۈش، تەكشۈرۈش، تەستىقلاش قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا، تېماتىك پىلان تۈزۈش پارتىيىنىڭ نەشرىياتچىلىق فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

3. تېماتىك پىلان تۈزۈش نەشرىياتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئېھتىياجى. نەشرىياتنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى نەشر قىلغان كىتابلىرىنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى - يامان بولۇشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ياخشى كىتابلارنى نەشر قىلىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئىقتىسادىي ئاساس بولۇشى كېرەك. ئالىي مەكتەپ نەشرىياتلىرى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرسلىكلىرىنى نەشر قىلىشنى ئاساس

قىلىدۇ. ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى باشقا ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ۋە ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرلىك كىتابلار، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە قارىغاندا بەكمۇ تار. ئۇ پەقەت ئالىي مائارىپ ساھەسى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. جەمئىيەتكە كەڭ تارقالمايدۇ. كىتابخانىلىرىنىڭ سانى ئىنتايىن چەكلىك. بۇنىڭغا كېتىدىغان ئەقلىي سىڭىنىما ۋە ئىقتىسادىي سىڭىنىمۇ ئاز ئەمەس. مۇشۇنداق مۇشكۈل، قىيىن ۋەزىپىنى دۆلەتنىڭ زور مىقداردىكى ئىقتىسادىي ياردىمىنى قوبۇل قىلماي تۇرۇپ ئورۇنداش مۇمكىن ئەمەس. دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، نەشرىياتلار يەنە ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ياخشى بولغان كىتابلارنى چىقارغانىنىڭ سىرتىدا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ ياخشى بولغان بىر تۈركۈم ياخشى كىتابلارنى نەشر قىلىپ، بۇ ئارقىلىق تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىش لازىم. تېماتىك پىلان تۈزگەندە ئالدى بىلەن قايسى كىتابلارغا قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدىغانلىقىنى، قايسى كىتابلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى باقالايدىغانلىقىنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش، قارىغۇلارچە ئىش كۆرمەسلىك كېرەك. بۇ بىزدىن پىلان تۈزگەندە ئومۇمىي جەھەتتىن ئويلىشىش لازىملىقىنى تەلەپ قىلىدۇ.

## ئىككىنچى، تېماتىك پىلان تۈزۈشتىكى يېتەكچى ئىدىيە

### 1. تېما تاللاشنىڭ قاراتمىلىقى

دۆلىتىمىزدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش چوڭقۇرلىشىۋاتقان، ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتى تېز سۈرئەتتە ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتتە، بىزنىڭ كىتابخانلىرىمىز زادى قايسى خىلدىكى كىتابلارغا ئېھتىياجلىق دېگەن مەسىلە تېما تاللاشتىكى قاراتمىلىق مەسىلىسىدىن ئىبارەت. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قاراتمىلىق مەسىلىسى دېگىنىمىزدە، نېمە ئۈچۈن بۇ خىلدىكى تېما تاللىنىدۇ؟ بۇ خىلدىكى تېما قايسى خىلدىكى كىتابخانلارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ دېگەن مەسىلە كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مانا بۇ مۇھەررىرلەردىن ھەر تەرەپلىمىلىك ئۇچۇرلارنى توپلاشنى، مەسىلەن، كىتابخانلار ئۇچۇرى، ئاپتورلار ئۇچۇرى، پەنلەر ئۇچۇرى، كىتاب بازارلىرى ئۇچۇرى، كىتاب نەشر قىلىش ئۇچۇرى، كىتاب كۆرگەزمىلىرى ئۇچۇرى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى پىكىر ئېقىملىرى ئۇچۇرى قاتارلىق ئۇچۇرلارنى توپلاشنى، قاراتمىلىقى بولغان تېمىلارنى تاللاپ پىلانغا كىرگۈزۈشنى، مەسىلەن، مەلۇم بىر قىسىم كىتابخانلارنىڭ ئىدىيە جەھەتتە، خىزمەت جەھەتتە، ئۆگىنىش جەھەتتە، تۇرمۇش جەھەتتە ساقلانغان مەلۇم بىر خىل مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلىپ تېما تاللاش، مەلۇم بىر قىسىم كىتابخانلاردا كەمچىل بولغان مەلۇم بىر خىل بىلىمنى تولۇقلاشنى كۆزدە تۇتۇپ تېما تاللاش، مەلۇم بىر قىسىم كىتابخانلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشىنى بېيىتىشنى نەزەردە تۇتۇپ تېما تاللاش قاتارلىقلارنى تەلەپ قىلىدۇ. تاللانغان تېمىنىڭ روشەن قاراتمىلىقى بولغاندا ئاندىن كىتاب چىقىرىشتا نىشانلىق ئوق ئېتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

### 2. تېما تاللاشنىڭ دەۋر خاراكتېرلىكى

تېما تاللىغاندا دەۋر ئېھتىياجىنىمۇ نەزەردە تۇتۇپ، دەۋر روھىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشىش لازىم. كىتابخانلارنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ كىتابقا بولغان تەلىپىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. لېكىن قايسى قاتلامدىكى كىتابخانلار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز ماھىيەت جەھەتتىن تەھلىل قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۈپكى ئېھتىياجىنى ئىگىلىۋېلىشىمىز كېرەك. تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، تېما تاللاشنىڭ دەۋر خاراكتېرلىكىنى تولۇق ھېسابقا ئېلىش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، قاراتمىلىق مەسىلىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ھەر خىل پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى تارقىتىشتا پايدىلىق بولغان، خەلقنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ساغلاملىقىغا ۋە خەلقنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىشقا پايدىلىق بولغانلىكى تېما زامانىمىزدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى مەزمۇن جەھەتتىن تولۇق گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنى دەۋر خاراكتېرىگە ئىگە تېما دەپ قاراشقا بولىدۇ.

جىددىي ئېھتىياجلىق، ئەلا سۈپەتلىك، يېڭى ئىدىيە ۋە يېڭى مەزمۇنغا ئىگە كىتابلارنى كۆپلەپ

www.uyghurkitap.com



چىقىرىش؛ ئىسلاھات تەجرىبىلىرىنى ئاكتىپ تەشۋىق قىلىدىغان ۋە يېڭى پەن، يېڭى بىلىم، يېڭى كۆز قاراشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇنەۋۋەر ئوقۇشلۇقلارنى، زامانىۋى پەن ـ تېخنىكىنى، زامانىۋى باشقۇرۇش تەجرىبىسىنى ئاكتىپ كېڭەيتىدىغان ئىلمىي ئوقۇشلۇقلارنى ۋە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق يېڭى كىشىلەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە پايدىلىق بولغان، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىپ، ئىگىلىك يارىتىش روھىنى تەشۋىق قىلىدىغان ئوقۇشلۇقلارنى كۆپلەپ نەشر قىلىش لازىم.

### 3. تېما تاللاشنىڭ سىستېمىلىقى

نەشرىيات تېماتىك پىلان تۈزگەن چاغدا ۋاقىتنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجىغا كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىش لازىم. بەزى ۋاقىتلاردا مەلۇم بىر خىل كىتابنىڭ كۆچكە ئىگە ۋاقىتنى كۆزدە تۇتۇپ تېماتىك پىلاننى تەڭشەشكە، يەنى مەلۇم بىر خىل يېڭى تېمىنى قوشۇشقا ياكى مەلۇم بىر تېمىنى پىلاندىن چىقىرىۋېتىشكە بولىدۇ. لېكىن نەشرىياتچىلىق خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇزاق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، تېما تاللاش يەنە مۇكەممەل سىستېمىلىققا ئىگە بولۇشى، سۈپەت قۇرۇلمىسى، تۈر قۇرۇلمىسى ۋە مەزمۇن قۇرۇلمىسىنىڭ مۇۋاپىق بولۇشىغا ئېتىبار بېرىلىشى كېرەك. كىتاب چىقىرىشنىڭ سىستېمىلىقلىقىنى ئەستىن چىقىرىپ، پەقەت ۋاقىت ئېھتىياجىلا تەكىتلەنسە، تېما تاللاش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگىلى بولمايدۇ. ئەلۋەتتە، بەزىبىر پرىنسىپاللىق بەلگىلىمىلەردە قەتئىي چىڭ تۇرۇش كېرەك. ئۇنى خالىغانچە بىكار قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. مەسىلەن، دەرسلىكلەر بىلەن مەخسۇس ئەسەرلەرنىڭ نىسبىتى، نوقتىلىق كىتابلار بىلەن ئادەتتىكى كىتابلارنىڭ نىسبىتى، ئىجادىي ئەسەرلەر بىلەن تەرجىمە ئەسەرلەرنىڭ نىسبىتى قاتارلىقلار.

### 4. تاللانغان تېمىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىستېمالچانلىقى

تاللانغان تېمىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئورۇندىلىش ـ ئورۇندالماسلىقى كۆپ تەرەپلىمىلىك شەرت ـ شارائىتقا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ ھەم كۆپ تەرەپلىمىلىك ئامىللارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. مانا بۇ بىزدىن تېما تاللىغان ۋاقىتتا ئۇ تېمىنىڭ ئىستېمالچانلىقىنى، مەسىلەن، ئۇنى يېزىش ـ تەرجىمە قىلىش كۈچى، تەھرىر كۈچى، ماددىي ۋە مالىيە كۈچى قاتارلىقلارنى تولۇق نەزەردە تۇتۇش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق بىر قاتار ئوبيېكتىپ ئامىللاردىن چەتنىگەن ھالدا تېما تاللىغاندا، ئالدىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش مۇمكىن ئەمەس.

تېما تاللىغاندا مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك مەسىلىنى ئەستايىدىل ئويلىشىش لازىم.

1. مۇشۇ تېمىغا يېقىن كېلىدىغان تېمىدىكى كىتاب نەشر قىلىنغانمۇ ـ يوق، ئەگەر نەشر قىلىنغان بولسا بۇ تېمىنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان قانداق ئوخشاش بولمىغان ئالاھىدىلىكى بار؟

2. كىتابخانىلارنىڭ بۇ تېمىغا بولغان تەلەپ پسىخىكىسى قانداق، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىلەن ئىقتىسادىي ئۈنۈمى قانداق؟

3. ئەسەر ئورگىنالىنىڭ ئەھۋالى قانداق، ئاپتور ئەسەر ئورگىنالىنى قانداق ۋاقىتتا تاپشۇرسا ۋە ئۇ ئەسەر قايسى ۋاقىتتا نەشردىن چىقسا ئەڭ ياخشى بولىدۇ؟

يۇقىرىدىكى ئۈچ تۈرلۈك مەسىلىگە نىسبەتەن كۆڭۈلدە سان بولغاندا، تاللانغان تېمىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىجرا قىلغىلى بولۇپلا قالماي، ئىككىنچى قەدەمدىكى خىزمەتلەرنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

### 5. تېما تاللاشتىكى ئالدىن كۆرەرلىك

بىر ياخشى تېماتىك پىلان يەنە ئالدىن كۆرەرلىككە ئىگە بولۇشى، شۇ ئارقىلىق دەۋر ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن، تېما تاللاش ۋە تېماتىك پىلان تۈزۈش خىزمىتى چوقۇم ۋاقىتنىڭ ئالدىدا مېڭىشى لازىم. تېما تاللىغاندا يېقىن مەزگىللىك ئېھتىياجنىلا كۆزدە تۇتۇپ قالماي، يەنە يىراق مەزگىللىك ئېھتىياجنىمۇ نەزەرگە ئېلىش، نۆۋەتتىكى سوتسىيالىستىك

قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىنىلا كۆزدە تۇتۇپ قالماي، ھازىرقى زامان پەن - تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنىڭ كەلگۈسىدىكى نەشرىياتچىلىق خىزمىتىگە بولغان يېڭى تەلىپىنىمۇ تولۇق مۆلچەرلەش كېرەك. بۇنىڭ بىلەن رېئاللىق ئاساسىدا كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاپ، يىراق كەلگۈسىنى كۆرۈش روھىغا باي، ستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە تېماتىك پىلاننى تۈزۈپ چىقىش لازىم.

**ئۈچىنچى، تېماتىك پىلان تۈزگەندە دىققەت قىلىدىغان بىر قانچە مەسىلە**

1. رىقابەت ئېڭى تۇرغۇزۇش. بۈگۈنكى كۈندە نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە رىقابەت كەسكىن بولماقتا، نەشرىياتلار ئارا بولىۋاتقان رىقابەت ئاساسەن ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرى، يەنى كىتابلىرىنى بازارلارغا كىرگۈزۈپ ئوبوروت قىلىش جەريانىدىكى رىقابەتتىن ئىبارەت. كىتاب بازارلىرىدا كىتاب باھاسىنىڭ يۇقىرى بولۇشى، ئورۇنلارنىڭ، شەخسىيلەرنىڭ سېتىۋېلىش كۈچىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، شىنخۇا كىتابخانىلىرى بەرگەن زاكاز سانىنىڭ ئاز بولۇشىدەك ئەھۋال ئاستىدا، پەقەت رىقابەت كۆز قارىشىنى تۇرغۇزۇپ، تېما تاللاشنى ئەلالاشتۇرۇشتىن باشلاپ قول سېلىپ، كىتاب سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، نەشر قىلىش ۋاقتىنى قىسقارتىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىگەندىلا ئاندىن رىقابەت دولقۇنىدا شاللىنىپ كەتمەي، يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرغىلى بولىدۇ.

2. ئۇچۇرغا ئەھمىيەت بېرىش. تەكشۈرۈش، دەلىللەش ۋە تەدبىر بەلگىلەش — تېما تاللاش خىزمىتىدىكى كەم بولسا بولمايدىغان ئۈچ تۈرلۈك مۇھىم ھالقا. تەدبىر بەلگىلەش — تېما تاللاشنىڭ يادروسى، تەدبىر بەلگىلەش دەلىللەشكە ئاساسلىنىدۇ، تەكشۈرۈش بولسا دەلىللەشنىڭ ئاساسى. ھەر خىل ئۇچۇرلارنى تەھلىل قىلىپ ئۆزىگە پايدىلىق ئۇچۇرلارنى تاللىۋېلىشتىكى مەقسەت، بىرىنچىدىن، يېڭى تېما ئۇچۇرلىرىغا ئىگە بولۇش؛ ئىككىنچىدىن، يېڭى ئۇچۇرلار ئارقىلىق تېما تاللاش ئىدىيىسىنى ۋە تېماتىك پىلاننى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش ۋە تەڭشەش. تەكشۈرۈشنىڭ ئوبيېكتى ھەر خىل ئۇچۇرلار بولۇپ، ئۇچۇر خىزمىتى تېما تاللاش خىزمىتىنىڭ ئاساسى. ئۇ مۇھەررىرلەر ۋە تەھرىر بۆلۈملىرى خىزمىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنى پەيدىنپەي داۋاملاشتۇرۇش ۋە تۈزۈملەشتۈرۈش لازىم.

3. بازارلارنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش. بازارلارنى تەكشۈرۈپ، تەتقىققىلىش — تېماتىك پىلاننى ئوتتۇرىغا قويۇش، تېماتىك پىلاننى دەلىللەش ۋە ئەسەر ئۇيۇشتۇرۇش پىلانىنى تۈزۈشنىڭ ئاساسى بولۇپ، مۇھەررىرلەرنى ھەر خىل شەكىللەردىكى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش پائالىيەتلىرىگە تەشەببۇس قىلىش ۋە تەشكىللەش لازىم. تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇچۇرلارنى توپلاپ يېڭى تېمىلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئاللىبۇرۇن شەكىللىنىپ بولغان تېما تاللاش ئىدىيىسىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملەپ، تېماتىك پىلاننى دەلىللەشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش لازىم. خەلقئارادا ۋە دۆلەت ئىچىدە مەيدانغا كەلگەن ھەر خىل ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىملىرىنى، كىشىلەرنىڭ ھەر خىل يېڭى ئېھتىياجلىرىنى، يېڭى قىممەت قارىشىنى چۈشىنىش كېرەك. ئىگە بولغان ئۇچۇرلارغا قارىتا تەھلىل يۈرگۈزۈش لازىم. تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرى ھەر خىل بولىدۇ. مەسىلەن، زىيارەت قىلىش، كىتاب، گېزىت، ژۇرناللارنى كۆرۈش، يىغىنلارغا قاتنىشىش، رادىئو ئاڭلاش، تېلېۋىزور كۆرۈش، كىشىلەر بىلەن باردى - كەلدى قىلىش، پاراڭلىشىش قاتارلىقلار.

تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلىش ئۈزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلىدىغان دائىملىق خىزمەت بولۇپ، مۇھەررىرلەر كىچىك ئىشتىن باشلاپ ھەممە جايدا ئۇچۇرلارغا دىققەت قىلىشقا ئادەتلىنىشى لازىم.

4. تېما تاللاشنى ئەلالاشتۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى. تېما تاللاشنى ئەلالاشتۇرۇشتىكى مەقسەت ياخشى كىتابلارنى كۆپرەك چىقىرىش. ئۇنداق بولسا ياخشى كىتابنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟ بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمى ياخشى بولغان كىتابلار ياخشى كىتاب ھېسابلىنىدۇ. ئىجتىمائىي ئۈنۈم دېگەنلىك، نەشر بۇيۇملىرى بازار ئارقىلىق جەمئىيەتكە تارقالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ مەنىۋى ساپاسىنىڭ يۇقىرى

كۆرۈلۈشى ئۇچۇن ئوينىغان رولىنى كۆرسىتىدۇ. ئىقتىسادىي ئۈنۈم دېگەنلىك، نەشىر بۇيۇملىرى تاۋار سۈپىتىدە سېتىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ يارىتقان ئىقتىسادىي قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ. بىر نەشرىيات ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئىككى ئۈنۈمنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىنتايىن مۇھىم. لېكىن تېماتىك پىلان تۈزگەندە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. تېماتىك پە ننىڭ ئەڭ ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، بۇ تېماتىك پىلاننىڭ ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم يارىتىشىغىمۇ يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. ھەرگىزمۇ مەنپەئەتنى دەپ ۋىجداندىن كېچىشكە، نوقۇل ھالدا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆلچەم قىلىپلا تېما تاللاشقا بولمايدۇ.

5. ئۇقتىلىق كىتابلار بىلەن ئادەتتىكى كىتابلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش. بىر ياخشى تېماتىك پىلان ئىچىدە چوقۇم ئۇقتىلىق كىتابلاردىن بىر قانچىسى بولۇشى ك.رەك. ئۇقتىلىق كىتاب پۈتۈن تېماتىك پىلاننىڭ ھۇلى ۋە يادروسى، نەشرىيات خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىنىڭ ئالامىتى، شۇنداقلا نەشرىياتنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئالاھىدىلىكىنىڭ نامايەندىسى.

ئەلۋەتتە، ئۇقتىلىق كىتابلارنى تاللاپ پىلانغا كىرگۈزگەندە، ئادەتتىكى كىتابلارنى پىلانغا كىرگۈزۈشكىمۇ مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىپ، ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى كىتابخانلارنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش لازىم.

6. كۆز ئالدىدىكى جىددىي ئېھتىياج بىلەن ئۇزاق كەلگۈسى ئېھتىياجىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش. تۈرلۈك قاتلامدىكى كىتابخانلارنىڭ نۆۋەتتىكى جىددىي مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇقتىلىق كىتابلارغا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال ۋە ئۇنى بېزەش (مۇقاۋا، بەت شەكلى، قىستۇرما رەسىم، تۈپلەش شەكلى) قاتارلىق جەھەتلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. ئۇزاق كەلگۈسى تېماتىك پىلاندا ئەمەلىي تەسەۋۋۇر بولۇش، تەرەققىيات ئىستىقبالى ھەققىدىكى ئىلمىي مۆلچەرنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تېمىلارنى بەلگىلىك نىسبەتتە ئويلىشىش لازىم.

7. يېڭىدىن تاللانغان تېما بىلەن قايتا نەشىر قىلىنىدىغان تېمىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش. نەشرىيات خىزمىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى — مەدەنىيەت بىلىملىرىنى توپلاش، بىر نەشرىياتقا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۈزۈلدۈرمەي، ئارقا ـ ئارقىدىن، قايتا ـ قايتا نەشىر قىلىشقا ۋە بېسىشقا بولىدىغان كىتابلىرىنىڭ بار ـ يوقلىقىمۇ بۇ نەشرىياتنىڭ خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلىرىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان بىر بەلگە. شۇڭا، يېڭىدىن تاللانغان تېمىنى پىلانغا كىرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، قايتا نەشىر قىلىنىدىغان ۋە بېسىلىدىغان تېمىنىڭ پىلانىنىمۇ ئويلىشىش، ھەم ئۇنىڭغا پۈتكۈل تېماتىك پىلان ئىچىدىن مۇۋاپىق نىسبەتتە ئورۇن بېرىش لازىم.

8. ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى كىتابلار بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈش خاراكتېرىدىكى كىتابلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش. تېماتىك پىلان تۈزگەندە كەسىپلەر بويىچە ئىش تەقسىملىۋېلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، ھەر قايسى قاتلامدىكى كىتابخانلارنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئاممىباب كىتابلارنى پىلانغا كىرگۈزۈش بىلەن بىرگە، يەنە ھەر قايسى قاتلامدىكى كىتابخانلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرىدىغان ئوقۇشلۇقلارنىڭ پىلانىغىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

9. ئۆز نەشرىياتى بىلەن باشقا نەشرىياتلار ئوتتۇرىسىدىكى تېما تاللاش مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش تېماتىك پىلان تۈزۈش جەريانىدا، ئۆزىگە يېقىن كېلىدىغان باشقا نەشرىياتلار بىلەن ئالاقىلىشىپ، تاللانغان تېمىنىڭ تەكرارلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش لازىم. ئەگەر تەكرارلىنىپ قالغان ئەھۋال بايقالسا، ئۆز ئارا كېڭىشىش ئارقىلىق، ئۇ تېمىنى بىرلا نەشرىياتنىڭ پىلانىغا كىرگۈزۈپ تەڭشەش كېرەك.

# ئىلانچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا

ئابلىكىم نۇرمۇھەممەت

ئىلان — تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ، جەمئىيەت ئىقتىسادى تەرەققىي قىلىپ مەلۇم سەۋىيىگە يەتكەندە مەيدانغا كەلگەن ئاممىۋى ئۇچۇر تارقىتىش قورالى، شۇنداقلا تەكرار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدا ئۇچۇر ئالماشتۇرىدىغان كۆۋرۈك. ئۇ ئىقتىسادنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئوبوروتنى تېزلىتىش، ئىستېمالچىلارغا يېتەكچىلىك قىلىش، بازارلارنى گۈللەندۈرۈش قاتارلىق تەرەپلەردە ناھايىتى مۇھىم تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. سودا ئىشلىرى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇنىڭ رولى تېخىمۇ كۈچىيىپ بارماقتا. بىز ئىستېمالچىلار نۇقتىئىنەزىرى بويىچە كۆزىتىدىغان بولساق، بازار ئىگىلىكىدە زور سانلىق مەلۇماتقا (مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىش سانىنىڭ زور ئىكەنلىكىنى، مەھسۇلاتلار تۈرىنىڭ كۈنسايىن ئۆزگىرىپ بارىدىغانلىقىنى بازار رىقابىتىنىڭ كەسكىنلىكىنى كۆرسىتىدۇ)، كەڭ ئوبوروت دائىرىسىگە (مەھسۇلاتلار سېتىلىۋاتقان رايونلاردىكى بازارلارنىڭ ئىنتايىن كەڭ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ) ۋە مەۋھۇم خېرىدارلار ئالاھىدىلىكىگە (ئىشلەپچىقىرىشتا مەلۇم جايدىكى ئورتاق خېرىدارلارنى ئاساس قىلىپ، كونكرېت خېرىدارلارنى ئاساسىي مەقسەت قىلماسلىقنى كۆرسىتىدۇ) ئىگە بولۇمىز. مانا مۇشۇنداق بازار ئالاھىدىلىكى جەريانىدا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى مەلۇم دەرىجىدە ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى ئورنىتىش ئاساسىدا كۆپ مىقداردىكى تاۋارلارنى تىزلىكتە ئىستېمالچىلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈپ، تاۋار ئوبوروتىنىڭ بارلىق جەريانىنى تېزلىتىش ۋە مەلۇم دەرىجىدە ئۈنۈم بېرىدىغان بارلىق ئىلان پائالىيىتىدىن تېز، توغرا، كەڭ ـ كۆلەمدە پايدىلىنىش ناھايىتى زۆرۈر. چۈنكى كەڭ ـ كۆلەملىك ئىلان تەشۋىقاتى ئارقىلىق بىر قىسىم مەھسۇلاتلارغا قارىتا ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ياخشى مەھسۇلات ئوبرازى يارىتقىلى بولىدۇ. شۇ ئارقىلىق كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ئورتاق تەلىپىنى مەلۇم دەرىجىدە قاندۇرۇپ، كەسكىن بازار رىقابىتىدە خېرىدارلارنى يەنىمۇ كۆپلەپ جەلىپ قىلغىلى ۋە مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىش يولىنى كېڭەيتكىلى ھەمدە ئالاھىدە مەھسۇلاتلارنىڭ بازارلاردا ئىگىلىگەن نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى زامان ئىلانچىلىقى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدا ئىقتىسادىي ئۇچۇر يەتكۈزۈپ، جەمئىيەت ئىقتىسادىنى جانلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم كەسىپكە ئايلاندى. ئەگەر ئىلان بولمىسا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش راۋان بولمايدۇ ھەتتا ئىقتىسادىي ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش ئۈزۈلۈپ قېلىپ نەتىجىدە ئىشلەپچىقىرىش بىر ئىزىدا توختاپ قالىدۇ. تاۋار ئوبوروتى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ. شۇنداقلا جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ نورمال تەرەققىي قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. بازار ئىگىلىكى كەڭ قويۇلۇپ، سودا رىقابىتى كەسكىن بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئىلانغا تايىنىش ۋە ئىلان تەشۋىقاتى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش، سېتىش ئوتتۇرىسىدىكى ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى

كۆچەيتىش ھەممە ئېلان پائالىيىتىنىڭ ئۈچۈر تەتۈر باغلىنىشى ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش كۆنسايىن مۇھىم بولماقتا.

ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان بازار ئىگىلىكى ئەمەلىيەتتە تاۋار ئىگىلىكى بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشتىكى كەڭ ئىش تەقسىماتى ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان. تاۋار ئىگىلىكى دەۋرىدە كەڭ ـ كۆلەملىك ئىش تەقسىماتى يۈرگۈزۈلگەنلىكتىن ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىش تولۇق تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭىيىدۇ. مەھسۇلاتلارنىڭ مىقدارىمۇ ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، تۈرىمۇ داۋاملىق كۆپىيىدۇ. تاۋار ئىگىلىكى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئىگىلىك پائالىيىتى تامامەن ھەممە تەرەپتە بازار ئىقتىسادىي پائالىيىتىدىن ئىبارەت بولىدۇ، تاۋار بازارلىرىدا كۆپ مىقداردا تاۋارلار پەيدا بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇنلىغان كىچىك ھالقىلار پەيدا بولىدۇ. ھەممە ناتۇرال ئىگىلىكنىڭ «ئىشلەپچىقىرىش ـ ئىستېمال» ۋە يېرىم بازار ئىگىلىكى مەزگىلىدىكى «ئىشلەپچىقىرىش ـ ئالماشتۇرۇش ـ ئىستېمال» ھالىتىدىن تەرەققىي قىلىپ، «ئىشلەپچىقىرىش ـ ئوبوروت ـ ئالماشتۇرۇش ـ ئىستېمال» ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ھەتتا مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالغان تەرەپ بازار شەكىللەندۈرگەندىن كېيىن سانائەتچى تەرەپنىڭ بازار ئىگىلىكىدە قوللانغان «ئىشلەپچىقىرىش ـ ئوبوروت ـ ئالماشتۇرۇش ـ ئىستېمال» شەكلىنى «ئىستېمال ـ ئىشلەپچىقىرىش ـ ئوبوروت ـ ئالماشتۇرۇش ـ ئىستېمال» شەكلىگە ئۆزگەرتىدۇ. مانا مۇشۇنداق شارائىتتا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئوبوروتنى ۋە مەبلەغنىڭ ئايلىنىشىنى تېزلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم كۆپ تەرەپلىمە ئېلان شەكلى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇچۇرلىرىنى ئىستېمالچىلارغا يەتكۈزۈش ۋە ئېلان پائالىيىتىنىڭ ئۈچۈر تەتۈر باغلىنىشلىق مېخانىزمى ئارقىلىق ئىستېمالچىلارنىڭ تەلىپى ۋە بازار ئۇچۇرلىرىنى قايتا ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش لازىم. شۇنداق بولغاندا ئاندىن ئېلان تەشۋىقاتى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدا ئۇچۇر ئالماشتۇرىدىغان كۆۋرۈكلۈك رولىنى ھەقىقىي ئادا قىلغان بولىدۇ.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، تاۋار ئىگىلىكى قانچە تەرەققى قىلسا، ئېلان كەسپىمۇ شۇنچە تەرەققىي قىلىدۇ. ھەتتا تەشكىلىي شەكلىمۇ شۇنچە مۇكەممەل، مۇلازىمەت ئىقتىدارىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئىقتىساد بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان غەرب ئەللىرىدە، بولۇپمۇ ئامېرىكىدا ئېلان كەسپىنىڭ تەرەققىي قىلىشى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا بولۇپ، ئېلان كەسپىگە ئاجرىتىلغان خىراجەتمۇ دۇنيا بويىچە بىرىنچى بورۇندا تۇرىدىكەن. ئامېرىكىنىڭ ھەر يىلى ئېلان پائالىيىتىگە ئاجرىتىدىغان راسخوتى پۈتۈن دۇنيادا ئېلانغا ئاجرىتىلغان ئېلان پائالىيىتى راسخوتىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدىكەن ھەممە دۇنيادىكى 10 چوڭ ئاتاقلىق ئېلان شىركىتى ئىچىدە 8 ئېلان شىركىتى ئامېرىكىدا ئىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئېلان كەسپىنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىمۇ ئېلان كەسپى بىلەن ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئىنتايىن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى. قىسقىسى، بۈگۈنكى دۇنيادا ئىقتىساد تەرەققىي قىلغان دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئېلانچىلىق ئىشلىرىمۇ شۇنچە تەرەققى قىلغان. شۇنداقتىمۇ ئۇلار يەنىلا ئېلان كەسپىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇنىڭدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، ئۇلار ئېلاننىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى تۈرتكىلىك رولىنى ۋە ھازىرقى زامان تاۋار ئىگىلىكى

جەمئىيەتتە ئېلاندىن ئىبارەت بۇ ھالقىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئېلانچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساقمۇ، ئالدى بىلەن ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئېلانچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. لېكىن، ئېلانچىلىق ئىشلىرى تولۇق تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، پىشىپ يېتىلگەندىن كېيىن، ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىشقا قارىتا ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. تۆۋەندىكى مىسالدىن بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: تەيۋەن ئۆلكىسى 1961- يىلىدىن باشلاپ «3 ـ 4 يىللىق» پىلانىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىغان. بۇ پىلاننى يۈرگۈزۈش مەزگىلىدە تەيۋەن ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.6% بولغان. ئېلانچىلىق ئىشلىرىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش نىسبىتى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 24.1% بولغان. بۇنىڭدىن باشقا 1965 ـ يىلىدىن 1968- يىلىغىچە بولغان مەزگىلدە تەيۋەن ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10.5% بولغان بولسا، ئېلانچىلىق ئىشلىرىدىن كەلگەن كىرىمنىڭ ئېشىش نىسبىتى ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 22.1% بولغان ( «جۇڭگو ئېلانچىلىق يىلنامە قوللانمىسى» 1988 ـ يىلى) . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ئېلانچىلىق ئىشلىرىنى تولۇق تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگەن بولسا، ئېلانچىلىق ئىشلىرى ئىقتىسادنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ غايەت زور ئىقتىسادىي قىممەت يارىتىشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىقتىسادنىڭ پەيدىنپەي ئۇزۇن مۇددەتلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلىشى ئىقتىسادىي قۇرۇلمىدا ناھايىتى ياخشى ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىنى، يەنى ئىقتىسادىي پائالىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمال مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن ياخشى بىر تەرەپ قىلىنغانلىقىنى، مەھسۇلاتلارنىڭ «ئىشلەپچىقىرىش ـ ئوبوروت ـ ئالماشتۇرۇش ـ ئىستېمال» شەكلى بويىچە نورمال ئايلىنىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭ ئۈچۈن، ئېلانچىلىق ئىشلىرىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، ئېلانچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئېلان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىستېمالچىلار ئوتتۇرىسىدا ئۇچۇر ئالماشتۇرىدىغان كۆۋرۈكلۈك رولىنى تولۇق ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن ئېلان كەسپى ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ئېنىق مەقسەتكە ئىگە قىلىپ، مەھسۇلات ئالماشتۇرۇشنى تېزلەتكىلى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى، شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتكە داۋاملىق تېخىمۇ ياخشى، كۆپ بايلىق يارىتىپ، پۈتكۈل جەمئىيەت ئىقتىسادى تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، غەربتىكى نۇرغۇنلىغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەر سودا بازارلىرىنى كېڭەيتىش، سىرتقا مەبلەغ سېلىش ئۈستىدە ئىزدەندى. بۇ جەرياندا تەجرىبىلىك كارخانىچىلار مەبلەغ سالغان ۋاقتىدا دائىم مەبلەغ سالماقچى بولغان دۆلەت ياكى رايونلارنىڭ ئېلانچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى مەبلەغ سېلىشتا مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىيالى قىلدى. ئۇلار ئومۇمەن، ئېلانچىلىق ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان دۆلەت ۋە رايونلارنىڭ ئىقتىسادى ۋە سودا ـ سېتىق ئىشلىرى شۇنچە گۈللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان بولىدۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات كۈچى شۇنچە كۈچلۈك، ئىستېمال كۈچى شۇنچە چوڭ بولىدۇ، شۇڭا بۇنداق رايونلارغا مەبلەغ سېلىش ناھايىتى خەتەرلىك دەپ قارىدى ۋە بۇ نۇقتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى. دېمەك، ئېلانچىلىق ئىشلىرى مەلۇم رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدىكى ئەينەكنىڭ بىر يۈزى بولۇپ، مەلۇم رايوننىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسىنى ئۆلچەشتە ۋە كۆزىتىشتە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# تەتقىقات ئۇچۇرلىرى

## بېزەكنىڭ بارلىققا كېلىشى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ لېكتورى: سەنئەت ھوشۇر

شۇ ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە دۇنيادىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەردە ئاياللار بوينىغا مارجان ئاسىدىغان ئادەت بار. رەڭگا - رەڭ ئۈنچە - مەرۋايىت، بۇلاپكىلار ياراشتۇرۇپ ئېسىلسا، ئاياللارنىڭ گۈزەللىكى تېخىمۇ ئاشىدۇ، كىشىلەر بۇ خىل بېزەكنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى بۇرۇنلا بىلگەن.

بېيجىڭنىڭ جۇكۇدىيەن دېگەن يېرىدىكى قەدىمكى خارابىلاردىن 10 - 20 مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئاق مارجانلار، سېرىق، كۆك رەڭلىك تۇشۇك تاشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ چىشىدىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرى بايقالغان، ئىنسانلار كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئەمگەك ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشى، تاش قوراللارنىڭ ئۆزگەرتىلىشى بىلەن بۇ خىل بۇيۇملارنى ياساشنى ئۆگىنىۋالغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىنى بىلىش مۇمكىن ئەمەس، لېكىن ئالىملار ئۇلار ئۈستىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇن ماتېرىياللارغا ئېرىشتى، بولۇپمۇ دارۋىننىڭ «تەدرىجىي تەرەققىيات» تەلىماتىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن ئانتروپولوگلار X I X ئەسىردىلا ئاۋستىرالىيە، ئافرىقا ۋە ئوكيانىيە دېڭىز ئاراللىرىغا تارقالغان ئىپتىدائىي ئادەملەر ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ئۇلارغا دائىر نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلىغان ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە قوپال ياسالغان ھەر خىل زىننەت بۇيۇملىرى بار، ئىپتىدائىي سەنئەت زىننەت بۇيۇملىرىدىن باشلانغان بۇ خىل بېزەكلەرنى ئادەم بەدەن بېزىكى ۋە جابدۇق بېزىكى دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ. بېزەك — ئېستېتىك تۇيغۇنىڭ بارلىققا كېلىشى، كىشىلەرنىڭ ئەمگەك پائالىيىتى ۋە پىرىخونلۇقىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ بارلىققا كەلگەن، شۇ يىللاردا دارۋىن «بىگىل» ناملىق كېمە بىلەن سەييارە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا بىر پارچە قىزىل رەختنى خېگئان يەرلىك ئادىمىگە بەرگەن، ھېلىقى ئادەم رەختنى كىيىم قىلماستىن، ھەمرالىرىغا، پارچىلاپ توڭلاپ كەتكەن پۇت- قوللىرىغا بېزەك ئورنىدا ئورىۋالغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بېزەكنى كىيىم - كېچەكتىن چوڭ بىلىدىغانلىقىنى، ھەممە بېزەكلەرنى كۆپەيتىشنىڭ كويىدا بولىۋاتقانلىقىنى، خۇددى بىر ئانتروپولوگنىڭ ئېيتقىنىدەك: «قىپيالىڭاچ يۇرۇشكە رازىكى، كۆركەملىككە ئىنتىلىدۇ» غانلىقىنى بايقىغان.

ئىپتىدائىي مىللەتلەرنىڭ بەدەن بېزىكى مۇقىم ۋە ئۆزگىرىشچان بېزەك دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. مۇقىم بېزەكلەر بەدەنگە گۈل چېكىش تەرەققىياتىنىڭ ئىزى بولۇپ، بەدەنگە خەت يېزىش، بۇرنىنى تېشىش، كالپۇكىنى يېرىش، قۇلىقىنى تېشىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۆزگىرىشچان بېزەكلەر بولسا پۇپۇك ئېسىش، لېنتا چىگىش، ھالقا ئېسىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئادەمنىڭ مۇقىم بېزىكى بەدىنىنى بوياش، گۈل چېكىش بولۇپ، ماي، ئۆسۈملۈك سۈيۇقلۇقى ۋە كالا مېيىنى بەدەنگە سۈرۈش ئادىتى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك ئورتاق ئىدى، ئۇلار خۇشپۇراق ئۆسۈملۈك سۈيىنى ۋە كالا مېيىنى بەدەنگە سۈرتۈش ئارقىلىق ھاشارەتلەر ۋە پاشىدىن مۇداپىئەلىنەتتى ۋە تېرىسىنى پاكلايتتى، ئافرىقىدىكى بەزى چارۋىچى نىگىرلار كالا مېيىنى بەدەنگە سۈرسە ئادەمگە ھۆسن قوشىدۇ دەپ قارايدۇ، يەنە بەزى نىگىرلار ئوخشاش مەقسەتتە كالا تېزىكى ۋە كالا سۈيدۈكىنى بەدەنگە چېپىشقا ئامراق كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كالا مېيى، كالا تېزىكى بايلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنغان، چۈنكى كالىسى بار ئادەملەرلا ئۇنى بەدىنىگە سۈرتەلەيتتى.

بەدەنگە سۈرۈش — ئىپتىدائىي مەدەنىيەتتە ئىنتايىن ئومۇملاشقان ئادەت ئىدى، ئاۋستىرالىيىدىن يەرلىك مىللەتلەر قىزىل رەڭنى بەدەنگە سۈرتۈپ ھاياتلىققا قەدەم باسقانلىقىنى ئىپادىلەيتتى، يەنە قىزىل

رەڭنى بەدەنگە سۈرتۈش ئارقىلىق ھاياتلىقنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. ئۇلار قىزىل تۇپىنى ئۆلگۈچىنىڭ ئۈستى ـ بېشى ۋە ئەتراپىغا چېچىش ئارقىلىق ھاياتى كۈچى، جان ئاتا قىلىشنى تىلىگەن، ئارزۇ قىلغان، بۇ خىل ئۆرپ ـ ئادەتمۇ ناھايىتى كەڭ تارقالغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئوۋچىلىق ئەمگىكى جەريانىدا ھايۋانلار يارىلانسا قان ئاقىدىغانلىقىنى ھەم ئۇلارنىڭ قان ئېقىپ ئۇزۇنغا بارمايلا ئۆلىدىغانلىقىنى كۆرگەن، شۇنداقلا ئادەملەرنىڭمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش ياۋايى ھايۋانلار چىشلىۋالسا قېنى ئېقىپ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى، ھايات ۋاقتىدا كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ساغلام كىشىلەرنىڭ مەڭزى ۋە بەدىنىدىن بىر خىل قىزىل قان رەڭگى جۇلالىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ يوقاپ كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان، يەنە قىزىل رەڭ ئوتقا، يورۇقلۇققا ئىسسىقلىققا سىمۋول قىلىنغان، ئىپتىدائىي ئىنسانلارغا تۈن كېچىلەردە ئوت ـ يورۇقلۇق ئاتا قىلغان، قىش كۈنلىرى بولسا ئىسسىقلىق ئاتا قىلغان، ئىپتىدائىي ئىنسانلار يەنى ئادەم بەدىنىنىڭ تىرىك ۋاقتىدا ئىسسىق بولىدىغانلىقىنى، ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن سوۋۇپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىغان، ئومۇمەن قىزىل رەڭ قاننىڭ رەڭگى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، ئۇ ئىجتىمائىي پسىخىكىنى قوزغايتتى، ئىپتىدائىي ئادەملەر ياۋايى ئادەملەر ۋە دۈشمەنلەر بىلەن بولغان جەڭدە قاننى كۆرەتتى، قاننى بەدەنگە سۈرتۈپ، ئۇۋنىڭ نەتىجىلىك بولغانلىقىنى، كۆرەشتە غەلىبە قىلغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. يەنە بەزى ئالىملار قىزىل رەڭنى بەدەنگە سۈرۈش ئارقىلىق ئەركەك ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئىپادىلەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئاياللارنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىپ، دۈشمەننى ۋەھىمىگە سېلىپ قويىدىغان بىر ئوبراز بېرەلەيدۇ دەپ قارىغان.

يەنە بىر خىل بەدەنگە گۈل چېكىش بولۇپ، ئىپتىدائىي ئادەملەر كۆپىنچە ھايۋانلار سۈرىتىنى تۇتېم سۈپىتىدە بەدەنگە چېكەتتى، بۇ بىر خىل تۇتېمغا چوقۇنۇش قارىشى ئىدى، ئىپتىدائىي ئادەملەر مەلۇم بىر خىل ھايۋاننى ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرىنى قوغدىغۇچى ئىلاھى دەپ قارايتتى، شۇڭلاشقا ئۇلار ھايۋانلارنى دوراشقا ئامراق ئىدى، ئۇلار بۇ خىل ئوبرازلىق رەسىمنى بارلىق ئىشلىتىدىغان سايمانلارغا چېكەتتى، ئۆدەكنى تۇتېم قىلىدىغان قەبىلىلەردە ياشلار مۇراسىملارغا قاتناشقاندا چوقۇندۇرغۇچىلىرى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىگە ئۆدەك شەكلىنى كۆزنىڭ ئەتراپىغا چەمبەر، قېشىغا سىزىق قىلىپ سىزىپ قوياتتى، مانا بۇ بەدەنگە گۈل سىزىشنىڭ بىر خىل شەكلى، لېكىن، سىزىلغان گۈل ئۇزۇنغا بارماي ئۆچۈپ كېتەتتى، بۇنىڭ بىلەن قەدەممۇ ـ قەدەم بەدەنگە گۈل چېكىش تەرەققى قىلدى، گۈل چېكىش ـ تاش قۇلۇلە قېپى بىلەن تېرىنى تىلىش بولۇپ بۇنىڭ بىلەن قارا رەڭنىڭ تېرىدە قېنىق رەڭلىك قاپارتمىلىق ئىزلىرى قالاتتى، ئادەتتە مەيدە، قورساق، پۇتقا، بەزىدە قاشنىڭ ئۈستىگە چېكەتتى، بۇ خىل سىزىق مەرتىۋىنى ئىپادىلەيتتى. بەدەنگە گۈل چېكىش ئالدى بىلەن نۇسخىسىنى ئويۇپ ئېلىپ ئاندىن رەڭ بېرەتتى، بۇ ئۆمۈرلۈك گۈل بولۇپ قالاتتى، بۇ بىر تەرەپتىن ياشلارنىڭ جەسۇرلىقىنى سىنايتتى، يەنە بىر تەرەپتىن ياشلارنىڭ بۇ قەبىلىنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ئىسپاتلايتتى، كالپۇكىنى تىلىش، قۇلاقنى تېشىش، بۇرنىنى تېشىشمۇ مەلۇم مەنىنى ئىپادىلەيتتى.

ئىپتىدائىي ئادەملەر دەسلەپتە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ گۆشى ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلايتتى، ياۋايى ھايۋانلار ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، قوشلارنىڭ پەيلىرى، ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرى، چىشلىرى قاتارلىقلارنى يۆتكىلى بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۇنى كۈچ ـ قۇدرىتىمىزنىڭ، باتۇرلۇق ۋە جاسارىتىنىڭ ئىسپاتى دەپ بىلىپ، بۇ خىل نەرسىلەرنى زىننەت بۇيۇمى قىلاتتى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا ئەگىشىپ بېزەك بۇيۇملىرى مىتالدىن ياسىلىدىغان بولدى، بۇ خىل بېزەك — ماھارەتنىڭ ئەمەس، بەلكى بايلىقنىڭ سىمۋولى ئىدى. پلېخانوپ ئېيتقاندەك: «شەيئىلەرگە مەنپەئەت نۇقتىسىدىن قاراش شەيئىلەرگە ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەردىن قاراشتىن بۇرۇن تۇرىدۇ» . يۇقىرىقى مىسالدىن شۇنى كۆرۈپ ئالالايمىزكى، بەدەن بېزەكنىڭ ئەسلىدىكى ئەمەلىي ئەھمىيىتى ھاياتلىق ئۈچۈن كۈرەشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى، بۇنىڭ بىر تۈرى مۇداپىئە ۋاستىسى، يەنە بىر تۈرى باشقىلارنى ئۆزگەرتىش ۋاستىسى، مەسىلەن، بەل قىسمىنىڭ بېزەك ماتېرىياللىرىنى جىنسىي ئويناتقۇچى قىلىپ يات جىنىستىكىلەرنى جەلب قىلىش، قىزىل رەڭنى

باتۇرلۇقنىڭ بەلگىسى قىلىپ، يات جىنىستىكىلەرنى جەلپ قىلىش، قىزىل رەڭنى باتۇرلۇقنىڭ بەلگىسى قىلىپ يات جىنىستىكىلەرنى ئۆزىگە تارتىش قاتارلىقلار ئۆزىنى بېزەش — ئىنسانلارنىڭ بىر خىل ئالاھىدىلىك پائالىيىتى، ئادەم ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى. ئادەمنىڭ بېزىنىشى ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئىپادىسى بولماستىن، بەلكى، ئاساسلىقى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى، بۇ خىل ئىپتىدائىي ئېستېتىك ئىنتىلىشنىڭ يۇغۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە كەڭ كۆلەمدىكى ئىجتىمائىي قاراشلار ۋە ئىجتىمائىي ئاڭ شەكىللەنگەن.

جابدۇق بېزىكى توغرىسىدا كونا تاش قوراللار دەۋرىدىكى ئۇستىخاندىن ياسالغان ۋە تاشتىن ياسالغان جابدۇقلاردا نۇرغۇن ھايۋانلارنىڭ ئوبرازلىق شەكىللىرى بارلىقى سېزىلگەن. بەزىلەر بۇ خىل رەسىملەرنى پەسىل ئۆزگىرىشلىرىنى خاتىرىلەش بەلگىسى دەپ قارىسا، بەزىلەر تارىختىن ئاۋۋالقى كىشىلەرنىڭ ئوۋچىلىق ۋە پىرىخونلۇق ھەرىكىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىشىدۇ، ئومۇمەن ئېيتقاندا ئۇلار نوقۇل ئېستېتىك ئوبيېكت ئەمەس، بەلكى، ئۇ جەمئىيەتنىڭ بەلگىلىك ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ كونكرېت مەزمۇنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە كەلگەندە ساپالچىلىق ۋە توقۇمىچىلىق تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، بېزەك بۇيۇملىرىدا گېئومېترىك نەقىشلەر كۆپلەپ پەيدا بولدى، بەزى نەقىشلەر تۈز سىزىق، يۇكلىمە سىزىقتىن تۈزۈلگەن بولسا، يەنە بەزىلىرى ھەر خىل ئوبرازلارنىڭ گېئومېترىك شەكىلدە تىزىلىشىدىن تۈزۈلگەن، سىزىقچىلارنىڭ ئوبرازلىقلىقى ئادەمنىڭ ئېستېتىك تۇيغۇسىغا خاستۇر، بۇ خىل گېئومېترىك مۇناسىۋەت نېمە ئۈچۈن ئېستېتىك تۇيغۇ پەيدا قىلالايدۇ؟ بۇ تارىختىن ئاۋۋالقى ئادەملەرنىڭ ئاڭ فورماتسىيىسى تەرەققىياتىنىڭ بىر خىل ئىنكاسى، گېئومېترىك نەقىش تەبىئەت دۇنياسىنىڭ تەرتىپ رىتىمىنىڭ ئېڭىمىزدىكى بىر خىل ئىنكاسى، بۇ خىل تەرتىپ ۋە رىتىمنى ھېس قىلىش قابىلىيىتى ئەمگەك ئارقىلىق تەدرىجى شەكىللەنگەن، گېئومېترىك نەقىشلەر قانداق تەرەققىي قىلغان دېگەن مەسىلىدە ھەر خىل ئېستېتىكلارنىڭ كۆز قارىشىدا پەرق ناھايىتى زور. گېئومېترىك نەقىشنىڭ بارلىققا كېلىشى توغرىسىدا ئۈچ خىل قاراش بار: بىرىنچى قاراشتىكىلەر، تارىختىن ئاۋۋالقى كىشىلەرنىڭ گېئومېترىك شەكىللەرنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى، كۆرۈش ئىقتىدارى تۇغما بولىدۇ، يەنى بۇ ئىقتىدار ئادەمنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئەمگەك تەرەققىياتى بىلەن بارلىققا كەلگەن، شۇڭلاشقا بالىلار ئۆزلىرىنىڭ تۇغما ئىقتىدارى بىلەنمۇ تۈز سىزىق، پاراللېل سىزىق ۋە چەمبەرلەرنى پەرق ئېتەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ.

ئىككىنچى قاراشتىكىلەر، گېئومېترىك نەقىش ئەمگەك جەريانىدا مەقسەتسىز پەيدا بولغان قوشۇمچە مەھسۇلاتتۇر، جابدۇقنىڭ شەكلى ۋە ئۇنىڭ بېزىكى ئۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىغا باغلىق بولىدۇ. ساپال جابدۇقلاردىكى بەزى ئىزلار توقۇلما نەرسىلەردىكى رىتىملىك گۈللەر كىشىلەرنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئېستېتىك تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

ئۈچىنچى قاراشتىكىلەر، گېئومېترىك نەقىشلەر ئەمەلىي تۇرمۇش ئوبيېكتلىرىغا تەقلىد قىلىشتىن بارلىققا كەلگەن، سىزىقچىلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئازايتىلىش بىلەن شەكىللەر بارغانسېرى ئاددىلىشىپ، مەزمۇنى بارغانسېرى بېيىپ تەدرىجىي ھالدا بىۋاسىتە پەرق ئېتىش تەس بولغان گېئومېترىك نەقىشكە ئايلانغان دەپ قارايدۇ.

جابدۇق سەنئىتىدە رەسساملىق بىلەن ھەيكەلتىراشلىقمۇ مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشقان بولىدۇ، ئۇ يەنە بىر ۋاقىتتا بىناكارلىق سەنئىتى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇيغۇر بىناكارلىقىدا ئانار، ئۈزۈم ۋە بەزى گېئومېترىك شەكىللەرنى تامغا نەقىش قىلىپ ئويۇش، پىشىق خىشتىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك شەكىلدە تام قوپۇرۇش، تورۇس، تۈۋرۈك، گۈزەل مەنزىرىلەرنى سىزىش، كۆركەم ئويۇقلارنى گەج ئارقىلىق ياساش خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە.

## تالانتلىقلارنىڭ يېتىلىشىدە پسىخىك خۇسۇسىيەت

ش ئۇ ئا ر كادىرلار نازارىتىدىن
**خاسىيەت ئابدۇراخمان**

تالانتلىقلارنىڭ يېتىلىشى مەسىلىسىدە مۇھىم بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئۇنىڭغا بىر قەدەر توغرا جاۋاب بەرگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەلمىساقتىن بۇيان، كىشىلەر مەشھۇر تالانتلىقلار ۋە تالانتلىق بولغۇسى كىشىلەر ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىللىق بولىدۇ، بولمىسا تالانتلىقلاردىن بولالمايدۇ، دەپ قاراپ كەلگەنىدى. ئەمما، بىر نەچچە ئون يىلدىن بۇيان بۇنداق قاراشقا شۇبھە تۇغۇلدى ۋە بۇنداق قاراشلار ئىنكارمۇ قىلىندى. بەزى پسىخولوگلار تالانتلىقلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى تەتقىق قىلىش مەقسىتىدە تارىختىكى بىر مۇنچە مەشھۇر تالانتلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزدى، تەھلىل نەتىجىسىدە، ئوخشاش بولمىغان ساھەلەردە باش كۆتۈرۈپ چىققان داڭدارلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىللىق بولمىسىمۇ، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا خاسىيەتلىك تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى بايقالدى. مەسىلەن، مەشھۇر ئالىم ئېينىشتېين، دارۋىن ۋە بۈيۈك شائىر گيوتى، بېرونلار باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغانلىرىدا ئەقلىي قابىلىيەت ۋە ئۆگىنىش نەتىجىسى جەھەتلەردە باشقىلاردىن ئانچە ھالقىپ كەتمەيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىكەنلىكى بايقالغان. دارۋىن كۈندىلىك خاتىرىسىگە «ئوقۇغۇچىلارلا ئەمەس، ئاتا ـ ئانامۇ مېنى ئەقلىدە ئادەتتىكىلەردىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئانچىكىن بىر بالا ھېسابلايتتى» دەپ يازغان. ئۇلار ئەقلىي قابىلىيەتتە ئانچە يۇقىرى ئەمەس، يۇقىرى بولغاندىمۇ ئوتتۇراھال كىشىلەرنىڭ ھوشيارراقلىرىغا توغرا كېلىدىغان سەۋىيىدە بولسىمۇ، ئەمما دۇنياغا مەشھۇر تالانتلىقلارغا ئايلانغان.

بۇلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىش ئاسان: تالانتلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشى يالغۇز ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسىنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق بولماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ پسىخىك خۇسۇسىيىتىگىمۇ باغلىق. بىر كىشى ئەقلىي قابىلىيەتتە سەل ـ پەل تۆۋەنرەك بولسىمۇ، ئەمما ئۆتۈپ چىقىشقا بەل باغلايدىغان ئېسىل پسىخىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسا، سۇبيېكتىپ جەھەتتە ئىزچىل تىرىشىدىغان ۋە بوشاشمايدىغان غەيرەتكە ئىگە بولسا، ئۇزاق مۇددەتلىك مۇشەققەتلىك كۈرەشلەر داۋامىدا چېنىقىپ تالانتلىق كىشى بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا، تالانتلىقلار تەرەققىياتىدىكى ئىچكى ئامىللارنى تەتقىق قىلغاندا تالانتلىقلارنىڭ پسىخىك خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىش لازىم.

پسىخىك خۇسۇسىيەت ئاساسلىقى، مىجەز، ھەۋەس، مۇددىئا، ئىرادە، ھېسسىيات قاتارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ. ھەر بىر كىشىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە پسىخىك تەرەققىياتىدا پەرقلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تالانتلىقلارنىڭ پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرىدە ئىندىۋىدۇئاللىقلار بولىدۇ. بىز بۇ يەردە پسىخىك خۇسۇسىيەتنىڭ ئومۇملىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، تالانتلىقلارنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان پسىخىك خۇسۇسىيەتلەرنى چۈشىنىش بىلەنلا چەكلىنىمىز.

### تالانتلىقلارنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان خۇسۇسىيەتلەر

بىرىنچى، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىق. تالانتلىقلارنىڭ كۆپچىلىكى مەيلى قانداق ئىش قىلسۇن ئاجايىپ زور ئىجتىھات بىلەن ئىشلەيدۇ ۋە جەمئىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى ھازىر ئايرىم كىشىلەر خۇددى قۇرۇقتىن ـ قۇرۇق دەپ قويىدىغان پەتىۋا ئورنىدا كۆرۈپ، ئانچىۋالا پىسەنتكە ئالمايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت بولمىغان كىشىنىڭ روھى دۇنياسى قۇرۇق بولىدۇ، ئۇنىڭ ھېسسىياتى ناھايىتى ئاجىز بولىدۇ. ئۆتمۈش ۋە ھازىرنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىگەن مۇنەۋۋەر پىشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە بىر ئادەمنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ئۇنىڭدا ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنىڭ بار ـ يوقلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. غايە بولمىغان، جەمئىيەت، مىللەت، دۆلەت ئالدىدا جاۋابكار بولمايدىغان كىشى كېرەكسىز بولۇپ كېتىدىكەن، ئۆزىنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش غېمى بىلەن بىھۇدە لالمىلاردىن بولۇپ قالىدىكەن. ئەمەلىيەتتىمۇ، بۇنداق كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى گەرچە ۋاقىتلىق بىر قىزغىنلىق بىلەن گۈزەل ئىستىقبال ئۈستىدە شىرىن خىياللاردا بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئۆمۈرلۈك ئىنتىلىدىغان مۇقىم غايە ۋە بۇ غايە بىلەن زىچ باغلانغان ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت بولمىغانلىقتىن، بىرەر شامالغا يولۇققان ھامان ئۇتتەك قىزغىنلىقتىن سوۋۇپ كېتىدۇ. بولۇپمۇ ئازراق تاپا ـ تەنە ياكى زەربىگە

ئۇچرىغان ھامان چىدىيالماي ھەممىدىن ۋاز كېچىدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ قەۋمى ۋە يۇرتىنىڭ غېمىنى يېيىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۆزىنىڭ ئادەملىك ئىززەت - ھۆرمىتىنىمۇ يەرگە ئۇرىدۇ. بۇ، ۋاقىت بىلەن ھېساپلىنىدىغان چەكلىك، قەدرى - قىممەتلىك ھايات ئۈچۈن نېمە دېگەن ھاقارەت - ھە!

تارىختا ئۆتكەن نۇرغۇن كىشىلىرىمىزنى ئويلىساق، ئۇلار ھەر خىل پىتنە - پاساتلار، تاپا - تەنىلەرنىڭ زەربىسىگىلا ئەمەس، ھەتتا ئاجايىپ يامان ستەمكار ۋە كىشىنى سەسكەندۈرىدىغان زۇلمەت كۈچلىرىنىڭ بوزغۇنچىلىقلىرىغىمۇ پىسەنت قىلماي ئالغا باسقان. بۇ دۇنيادىكى بارلىق ناچارلىق ۋە ناكاسلىكلەر ئىچىدە ئادەمنى ئەڭ قىينايدىغىنى خورلۇقتۇر. ئىنسان قوبۇل قىلىش ئەڭ تەس بولغان نەرسە باشقىلارنىڭ ناھەق بوزەك قىلىش، خارلىشىدۇر. ئەمما، بۇنداق خورلۇق ۋە قوبۇل قىلىش تەس بولغان نەرسىنىمۇ ئادەم ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان ئۇلۇق ئىش ئۈچۈن بولغان يالقۇنلۇق ئىنقىلابىي قەدەملەر ئارقىلىقلا يەنجىپ تاشلىشى مۇمكىن. نوبېل ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە پارتلاتقۇچ دورىنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلغانلىقىنى كۆرگەندە، بۇنداق تاسادىپى پارتلاشنىڭ ئۆزىنىڭ نەزىرىگە گويا ئاشىق بىقارار بولغان گۈزەل پەرىدەك كۆرۈنگەنلىكىنى ئېيتقان. دېمەك، ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت ئادەمگە ئەڭ يامان خەتەرلەرنىمۇ بوسۇپ ئۆتىدىغان شىجائەت ۋە جىدامنى ئاتا قىلىدۇ. خەلقىمىزگە، يۇرتىمىزغا، ۋە تىنىمىزگە، قىسقىسى، ئىجتىمائىيەتكە جاۋابكار بولۇش بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشكە قۇدرەت بېرىدىغان دەرىجىدىن تاشقىرى خاسىيەتلىك كۈچتۇر. شۇڭا، تالانتلىقلار ۋە تالانتلىقلاردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلغۇچىلار ئالدى بىلەن ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى كۈچەيتىش ۋە تاۋلاش، ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن باغلاش كېرەك.

ئىككىنچى، كەسپكە بولغان مۇھەببەت، قىلىۋاتقان ئىشىغا نىسبەتەن ئىشتىياق، ھەۋەس. مەلۇمكى، تالانتلىقلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئىجادىي خاراكتېر ئالغان پائالىيەتلەردە بولىدۇ. ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا ئىجادىيەت نىشانىنى تاللاش شەرت بولىدۇ. ئىجادىيەت نىشانىنى اللاش جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىنى ئالدىنقى شەرت قىلىش بىلەن بىر چاغدا، شەخسنىڭ دۆلەت ، جەمئىيەتكە نېمىنى ئىجاد قىلىپ بېرىشكە نىيەت قىلغانلىقىدىكى ئىشتىياق ۋە ھەۋەسكە مۇناسىۋەتلىك ىلىدۇ. ھالبۇكى، ئىشتىياق كىشىلەرنىڭ رېئال ئوبيېكتىپ دۇنياغا تۇتقان ئۆزگىچە پوزىتسىيىسى ۋە تونۇشىدىكى يۈزلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىشتىياقنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ مەلۇم بىر شەيئىگە بولغان قىزىقىشنى ئاساس قىلغان ئارتۇقچىلىقتا ئىگە. بىر كىشىدە بىر شەيئىگە نىسبەتەن قىزىقىش بولغاندىلا ئاندىن ئۇ شەيئىگە قارىتا ھەۋەس تۇغۇلىدۇ. ھەۋەس ئىشتىياقنىڭ ئارتۇقچىلىقى (مەخسۇسلىقى) نى ئىپادىلەيدۇ. دېمەك، ئىشتىياق قانچە كۈچەيسە، ھەۋەس شۇنچە قوزغىلىدۇ. تەتقىقاتتىكى تىرىشچانلىق شۇنچە ئۆلغىيىدۇ. تالانتلىق بولۇپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىمۇ شۇنچە چوڭىيىدۇ. بۇ ھال ئىشتىياق - ھەۋەس - ئارتۇقچىلىق - ئىستىدات تەرتىپى بويىچە تەكرارلىنىدۇ. بۇنداق بىر قانۇنىيەتلىك جەرياندىن بىز تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، شۇنداق ئېيتالايمىزكى، ئىشتىياق ۋە ھەۋەس ئىجادىي پائالىيەتنىڭ ئالدىنقى شەرتى —كىشىلەرنىڭ ھەقىقەت ئىزلەشكە تاشلانغان تۇنجى قەدىمى بولىدۇ. شۇڭا، بىر كىشى تالانتلىق بولۇپ چىقىمەن دەيدىكەن، شاختىن - شاخقا قونماستىن، بىر مەۋقەگە كېلىشى ۋە جەمئىيەت، دۆلەتكە پايدىلىق بىر ئىجادىيەت نىشانىنى تاللاپ ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك.

ئىقتىدارنىڭ يېتىلىشىدە جىسمانىيەت مەسىلىسى ش ئۇ ئا ر ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسىدىن **ئايتۇرا مەمتىمىن** شۇ ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ: پەن - تەتقىقات ھەر بىر تەتقىقاتچىدىن ئىجادىي قابىلىيەت بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئەمما ئىجادىي قابىلىيەت پەقەت ئۆزىنىڭ ماددىي ئاساسي بولغان تەن ئاساسىدىلا مەۋجۇت بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىجاد قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ماددىي ئاساسىنى ياخشى تۇرغۇزۇشى كېرەك. مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» نىڭ 1994 - يىللىق 4 - سانىغا پەن - تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئېغىر ئەقلى ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئالىملارنىڭ تۇرمۇشىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ جىسمانىيەت ئۈستىدە ئومۇمى تەھلىل ئېلىپ بارغان ئىدىم. بۇ چاغدا مەن ئاساسلىقى ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىلارنىڭ ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىشىدىكى مەسىلىلەرگە قارىتا پىكىر بەرگەن. بۇ ماقالەمدە مەن يەنە پەن - تەتقىقاتى

بىلەن مەشغۇل بولىدىغانلارنى ئاساس قىلىمەن، ئەمما، ئوتتۇرا ياشلىق ئالىملارنىڭ بۇرۇن ئۆلۈپ كېتىشىنى ئەمەس، ئادەمنىڭ پۈتكۈل ئۆمرى توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىش ئارقىلىق ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلەرنى كۆپەيتىشكە قايتا مەسلىھەت بېرىمەن.

بىز مۇرەككەپ كۆزىتىشلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا زىكرى قىلىنىدىغان «تەن ساقلىق زور بايلىق» دېگەن ماقالىمىزنى ئەسكە ئالىدىغان بولساق، تەن ساقلىق بىلەن ئىقتىدارنىڭ يېتىلىشىدىكى چەمبەرچەس مۇناسىۋەت گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. راس، ئۇنى ئاسراش ھەممە غالىبىيەتلەرنىڭ كاپالىتى. ئالايلۇق، ئەلنىڭ ئۇلۇغ پاسىبانلىرى ۋە ئىلىم مەشئەللىرى ۋاقىتسىز قۇربان بولسا، ھەممىمىز ئېگىز تاغ ئۆرۈلۈپ، يەر ـ جاھان تىترەپ كەتكەندەك چۆچىيمىز. ھايات ۋاقىت بىلەن ھېسابلىنىدىغان ئەڭ قەدىرلىك تۇغ بولغاچقا، ھەممىمىز ئۇنى ئۇزارتىشنى ئەڭ بۈيۈك ئىشلار ئورنىدا قويىمىز. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ ھايات بولغاندا، ھايات بولغاندىمۇ ساغلام بولغاندىلا خەلققە، ۋەتەنگە ئىشلەش مۇمكىن بولغانلىقتىن. دېمەكچىمىزكى، ئەشۇنداق زور زىيانلارغا قىياس كۆتەرگەندىن كۆرە، بارلىق قابىلىيەتلەرنىڭ ماددىي ئاساسى بولغان جىسمانىيەتنى چېنىقتۇرۇش ۋە ئۇنى ساغلام ساقلاش تولىمۇ مۇھىمدۇر.

تەن ساقلىقنىڭ شىپالىق پائالىيەتلىرىدىن تەنتەربىيىنى دوست تۇتقان ئىنگلىز يازغۇچىسى شونبا 94 ياشقا كىرگەندىمۇ ناھايىتى ساغلام تۇرغان ۋە «ئۇ نېمىشكە ئۇنىمىدى؟» دېگەن سەھنە ئەسىرىنى يازغان. ئېينىشتېيىن ساغلاملىقنى ناھايىتى ياخشى ساقلىغانلىقتىن 84 يېشىدا ۋاپات بولغانغا قەدەر ئىجادىيەت ۋە ئىختىرا قىلىشتىن توختىمىغان. دېمەك، ساغلاملىق ھەممە تالانت ئۈنچىلىرىنىڭ ئاساسى. بەزىلەر ئۇنى ئاسرىماي ۋاقىتسىز كېتىدۇ، كىشىلەرنى ھەسرەت ـ نادامەتتە قويىدۇ. بولۇپمۇ بىزدەك ئالىملىرى يوق دېيەرلىك بولىۋاتقان ۋە بەزىلەر ئالىم، باتۇرلارنىڭ مىللىي غورۇرىنىڭ تۈۋرۈكى ئىكەنلىكىنى بىلمەيۋاتقان خەلقلەردە ئالىملارنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كېتىشى تېخىمۇ چوڭ ھەسرەت تاغلىرىنى بېشىمىزغا يىقىتىدۇ. بەختكە يارىشا، خېلى كۆپ كىشىلەر ئۇنداق ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرىنى تۈرلۈك زەھەرلىكلەردىن ساقلاشقا ۋە چېنىقتۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، خېلى ياشىنىپ قالغاندىمۇ خەلققە ياش قىرانلاردىن بەكرەك ئېغىر ئىشلارنى قىلىپ بېرەلەيدۇ. ئىككىنچى خىل كىشىلەر بىزنىڭ قوغلىشىدىغان نىشانىمىز، ئەلۋەتتە.

بەزىلەر ۋاقىتنى قىممەتلىك دەپلا ئۇزمەي جەڭ قىلىدۇ، بەدەن چېنىقتۇرۇش ۋە ئۇنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر خىل تار نەزەر بولۇپ، خەلققە چوڭ ئىش قىلىپ بېرىشنىڭ يولى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق دەيمىزكى، ھاياتلىق ھەرىكەتتە، ھەرىكەت قىلىش، چېنىقىش ھاياتنى ئۇزارتىش ۋە ئۇنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشنىڭ شەرتى. ھەرىكەت بىلەن جىملىق، ئىشلەش بىلەن دەم ئېلىش بىرلەشتۈرۈلگەن ھاياتتا ئۈنۈم چوڭ بولىدۇ. ساغلام بولغان كۈچلۈك ئادەم بىر كۈندە قىلغان ئىشنى ئاجىز ئادەم بىر نەچچە كۈندە قىلىدۇ. ھايات ئۆمرى ئۇزاق بولسا، ئاز ـ ئازدىن ئىشلىگەندىمۇ قاتتىق ئىشلەپ نابۇت بولغان ھاياتتىن ئارتۇق ھوسۇل بېرەلەيدۇ. شۇڭا، ساغلاملىقنى ئىقتىدارلىق بولۇشنىڭ ئاساسى دەپ بىلىپ، ئۇنى توغرا، پىلانلىق ئىشلىتىش كېرەك. بىركىشىنىڭ بىر كۈنلۈك ۋاقتىنى مىسالغا ئالساق، ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ چېنىققاندا، ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ كۆڭۈل ئاچقاندا، ۋاقىت ئاجىرىتىپ يازغاندا، ئىشلىگەندە، ئۇ تەننىڭ تۆت ئەزايى جانلىق، روھى تېتىك، كاللىسى سەگەك بولىدۇ، ئالدىراپ ئەقلىي قابىلىيەتتە پەسلەپ كەتمەيدۇ، خىزمەت ئۈنۈمى، يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتى ئادەتتە زېھنى جەھەتتىن تولۇق، ئەقلىي جەھەتتىن ئۆتكۈر بولۇشقا باغلىق ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم، بەزىلەرنىڭ ئۆمۈر بويى پىتراپ يۈرۈپ نەتىجە چىقىرالماسلىقى ساغلاملىقنى ئاسراش يوللىرىنى بىلمىگەنلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، ساغلاملىقنى شەخسى ئۆزى ئاسراشنى بىلىش، تەشكىلىمۇ يولداشلارنىڭ ساغلاملىقىنى ئاسراشنى بىلىشى كېرەك. بۇ ھەرگىز ھورۇنلۇققا يول قويۇش ئەمەس، بەلكى، ھاياتنى ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە تولۇق قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاگاھلاندۇرۇش قىلىشتۇر. ھازىرقى دۇنيانىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى نەزەردە تۇتقاندا، دەۋرىمىز بىرىنچىدىن، ئىلىم ـ پەن ئىجتىمائىيلىشىش ۋە جەمئىيەت ئىلمىيلىشىشتىن ئىبارەت مەركىزىي نۇقتىنى ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكى قىلىپ، پۈتكۈل جەمئىيىتىمىزدىن ئىنسانىيەتنى بولۇپمۇ بىكىنمە مىللەتلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇۋاتقان بارلىق ئەنئەنىۋى، خۇراپىي نەرسىلەرنى ئىرغىتىپ تاشلاپ، ئىلىم ـ پەن يولىدا مېڭىشنى شەرت قىلدى. ئىككىنچىدىن،

www.uyghurkitap.com



ھازىرقى زامان ئىلىم ـ پەن يولى بىز جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن يېڭى يول بولغاچقا، تۈتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ھەر بىر قەدىمىدە يولۇققان يېڭى مەسىلىلەر ۋە زىددىيەتلەرنى يېڭىباشتىن ئۆگىنىش ۋە ئۆگەنگەن بىلىملەرنى ئىجادىي تەتبىقلاش ئارقىلىق ھەل قىلىشنى شەرت قىلىدى، بۇ بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان يېڭى شەيئى ۋە يېڭى ئەھۋالدۇر. مۇقەررەركى، يۇقىرىقى ھەر ئىككى جەھەتتە تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ئىجادكارلىقى بولماي مۇمكىن ئەمەس، ھەممە كىشى يېڭىباشتىن ئۆگىنىپ، ئۆزىنى تۈتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا لايىقلاشتۇرماي مۇمكىن ئەمەس.

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، زامانىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى تارىختىكى ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان يىرىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆزگەردى. ئۇچۇرنى بەلگە قىلغان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىدىكى جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن سىستېما بولۇشى، كەسىپلىشىش، ئىجتىمائىيلىشىش، ھەمكارلىشىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە ھەر قانداق ئادەمنىڭ خىزمىتى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ، پۈتكۈل چوڭ سىستېما خىزمىتىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ، ئۇنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقى بارغانسېرى ئاجىزلىدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەت تۇرمۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاچقا، كىشىلەر پەقەت تۇرمۇش بىلىملىرىگىلا مۇھتاج بولغانىدى. كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەر شەخسىي تۇرمۇش ئۈچۈنلا بىلىم ئېلىشتىن، چوڭ كوللېكتىپ، ھەتتا بىر دۆلەت، بىر مىللەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئۈچۈن بىلىم ئېلىشقا يۈكسەلدى. ھازىر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يالغۇز ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى جەمئىيەت ئومۇمىي گەۋدىسىنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بىلىم ئالماقتا. بۇرۇن كىشىلەر ئاساسلىق يېزا ئىگىلىك، توقۇمىچىلىق قاتارلىق تۇرمۇش تېخنىكىلىرى، يەنى يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك تېخنىكىسىغا كۆڭۈل بۆلگەن، كېيىنچە ئىقتىساد بىلىملىرىگە، ئىلمىي سانائەت بىلىملىرىگە مۇھتاج بولدى. ئېلېكترون سانائىتى، نېفىت ـ خىمىيە سانائىتى، ماشىنىسازلىق سانائىتى، ھاۋا قاتنىشى سانائىتى قاتارلىق ئىلمىي سانائەتلەر نۇرغۇنلىغان ئىلىم ـ پەن بىلىملىرى ۋە تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىپ ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇردى. ئەمدىلىكتە بولسا، كىشىلەردە جەمئىيەت قۇرۇلۇشى بىلىملىرىگە مۇھتاجلىق تۇغۇلدى. پۈتكۈل جەمئىيەتكە بىر چوڭ سىستېما تەرىقىسىدە قاراپ، بىرەر دائىرە ياكى بىرەر ئورۇننىڭ ئۆز مىنى ئۈستۈرۈش بىلەن چەكلەنمەستىن، پۈتكۈل جەمئىيەتتىن ئىبارەت چوڭ سىستېمىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۈستۈرۈشكە ۋە ئۆزلىرىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمىدە جەمئىيەتنىڭ باشقا تارماقلىرىدىكى خىزمەتلەرنىڭ ئۈنۈمى بىلەن بەسلىشىشكە توغرا كەلدى. بۇنداق جەمئىيەت، ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا بارغانسېرى كەڭ دائىرىدە شەكىللىنەمەكتە ۋە يېڭى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولماقتا. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئىلىم ـ پەن بىلىملىرى بىلەن قوراللانغان ۋە ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، تەتبىقلايدىغان تەتقىقاتچىلار، ئىختىراچىلارنى بارغانسېرى مۇھىم ئورۇنغا قويىدى. زامانىمىزنىڭ ئەقلىيەت جەھەتتىكى بۇنداق ئېغىر ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا تۈۋرۈك بولىدىغان تالانتلىقلارنىڭ ساغلام بولۇشى پۈتكۈل جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدە مەسىلە بولۇپ گەۋدىلەندى. شۇنىڭ بىلەن ئىقتىدارلىقلارنىڭ ساغلاملىقىنى ساقلاش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى، ئۇلارنىڭ ئۆز ساغلاملىقىنى ساقلىشىمۇ ھەر قانداق دەۋردىكىدىن گەۋدىلىك جىددىي مەسىلە بولۇپ قالدى. شۇڭا، زامانىمىزنىڭ ئالاھىدىلىكى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا بەدەن ساغلاملىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەت ۋە شەخسلەر ئورتاق ھالدا ئېتىبارنى يېڭىباشتىن قوزغاش كېرەك.

ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، زامانىمىزنىڭ ئەقلىي قابىلىيەتكە بولغان ئېھتىياجىنى قامداشقا يارايدىغان مېڭە ھەرىكىتىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ساغلام بەدەنگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىككى ئىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

بىرىنچى، بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. چۈنكى ئەلا سۈپەتلىك بەدەن تۇغما ھالەتكە مۇناسىۋەتلىك بولۇش بىلەن بىرگە چېنىقىش تېخىمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئىرسىيەت خاراكتېرلىك كېسەللىكلەردىن باشقا جەھەتلەردە، ساغلاملىق ئاساسلىقى چېنىقىشقا باغلىق. ماددىنىڭ ئالمىشىش قانۇنى دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئورتاق قانۇنى، ھاياتلىقمۇ خۇددى شۇنداق. زۇلۇگىيە تەتقىقاتىدا سۈتخور ھايۋانلار ئۆمرىنىڭ ئۇلارنىڭ پىشىپ يېتىلىش مەزگىلىدىن 5 ـ 7 ھەسسە ئارتۇق بولىدىغانلىقى

ئىسپاتلاندى. بۇ ھايۋانلارنىڭ قوتاندا بېقىلىدىغانلىرىدىن ياۋايىلىرىنىڭ يېشى چوڭ بولىدىغانلىقى، بۇنداق بولۇشى ئاساسلىقى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ قوتاندا بېقىلىدىغانلىرىدىن كۆپ ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىدىن بولغانلىقى ئىسپاتلاندى. سۈتخور ھايۋانلار ئۈستىدىكى بۇ تەتقىقاتنى ئادەملەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىپ، مەركەزلىك ھالدا قېرىسال كىشىلەرنى تەكشۈرگەندىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولۇپ چىقتى. يەنى ھەرىكەتنىڭ ساغلاملىقنىڭ مۇھىم مەنبىئى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. شۇنىڭ بىلەن دۇنيا بويىچە كىشىلەر «ھاياتلىق ھەرىكەتتە» دېگەن ھېكمەتكە قوشۇلۇپ، شۇ بويىچە ئۆزلىرىنى چېنىقتۇرماقتا.

لېكىن، كىشىلەرنىڭ تەنتەربىيە ئارقىلىق ساغلاملىقنى قوغدىشى ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ۋە ئەمەلىيەتتە ئايلىنىۋاتقان مەسىلە بولسىمۇ، بەزىلەر ۋاقىتنى بەدەن چېنىقتۇرۇشقا سەرپ قىلىشنىڭ ھە دېسىلا ئىقتىسادىي ئۈنۈم بەرمەيدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزمەي ئىشلەش بىلەن ئۆزىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋالىدىغان ئەھۋاللار بار. يەنە بەزىلەردە «ھاياتلىق ھەرىكەتتە» دېسە ئۆزمەي چېنىقىش بىلەن بەدەن قۇۋۋىتىنىڭ تېزلىكتە خوراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ «تەنتەربىيىمۇ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشكە يارىمايدىكەن، بۇ سىرنى بىر ئاللادىن باشقا بەندە بىلمەيدىكەن» دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىپ، بەدەن ساغلاملىقنى قانۇنىيەتلىك كۈچەيتىشنى تاشلاپ قېيىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. شۇڭا، تەن ساقلىقنى كۈچەيتىپ ئۆمۈرنى ئۇزارتىش، ئۆمۈرنىڭ ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بۇنداق ئىككى خىل خاھىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سالامەتلىكنى ھاياتلىقنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئىككىنچى، تۇرمۇشنى قانۇنىيەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇش كېرەك. كىشىلەر كۆپىنچە ئادەم بەدىنىنى مۇرەككەپ قۇرۇلمىلىق ماشىنىغا ئوخشىتىدۇ. بۇنىڭ ئىلمىي ئاساسى بار. ھەر قانداق مۇرەككەپ ماشىنىنىڭ بىر زاپچىسى ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان ئېغىرلىقتىكى بىر ۋەزىپىنى ئورۇندىيالايدۇ. ماشىنا نورمىدىن ئارتۇق ئىشلارغا كۆپ ئىشلىتىلگەندە زاپچاسلارمۇ بۇرۇنلا كاردىن چىقىدۇ. ئادەم بەدىنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش. ئادەم بەدىنى گەرچە ھەر قانداق ماشىنىدىن مۇكەممەل ھەم ئۆزلىكىدىن تەڭشىلىپ ماڭىدىغان مۇرەككەپ قۇرۇلما بولسىمۇ، ئۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا قانۇنىيىتى بار. ئۇنىڭ ئىش نورمىسى ئۇزاقچە ئېشىپ كېتىۋەرسە، ئۇمۇ خۇددى مېتالدىن ياسالغان ماشىنىلار ئارتۇق ئىشقا سېلىنغانلىقى بىلەن بۇرۇن كاردىن چىققاندەك تېز قېرىشقا باشلايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئىش نورمىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش كېرەك. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاچقۇچى بىراقلا نۇرغۇن ئىش قىلىش ئەمەس، بەلكى تۇرمۇشنى قانۇنلاشتۇرۇش، ۋاقىتنى پىلانلىق رىتىملىق داۋاملاشتۇرۇشتۇر.

ئۈچىنچى، ھەر ئىش ئۈستىدە ئالدىراپ كەتمەسلىك. ئادەتتىكى ئادەملەر ئۇتۇق قازىنىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى خىزمەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ، ئۇزاقىچە ئۆزمەي كۈرەش قىلىش دەپ قارايدۇ. شۇنداق قاراش بىلەن ئىشنىڭ دەسلىپىدە ئاجايىپ سۈرئەت بىلەن ئىشلىگەندەك قىلغان بىلەن، ئۇزاققا سوزۇلغان روھى جىددىيلىك ئۇنىڭ زېھنىنى ۋە سالامەتلىكىنى خورۇتۇپ بارىدۇ ـ دە، بىر مەزگىلدىن كېيىن ئارقا ـ ئارقىدىن مەسىلە كۆرۈلۈشكە باشلايدۇ. بىر نەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇنداق ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قېلىۋاتقانلىقىنى، بۇرۇن ئالدىراپ كەتمىگەن ئادەملەرنىڭ سالماق قەدەم بىلەن ئۆزلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىستىدۇ. ئارقىدىن كەلگەن بۇ ئادەملەرنىڭ ئېشىپ كېتىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار تۇرمۇشتا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ، ھەر ئىشنى كالليسى بىلەن ئويلىنىۋېلىپ، ئالدىراپ كەتمەي قىلىدۇ. بۇنداق سالماقلىق ئاساسلىقى ئىش ھەرىكىتىنىڭ سۈرئىتىدە نورماللىقنى ساقلىسىمۇ ئادەمنىڭ زېھنى ۋە ساغلاملىقىغا ئارتۇقچە ئۇپراش ئېلىپ كەلمىگەنلىكتىن، ئادەمنى ئالدىراقسانلىق قىلغان كىشىلەردە كۆرۈلگەن سەۋەنلىكلەردىن ساقلاپ، پۇختا قەدەم بىلەن غەلىبىگە ئېلىپ بارىدۇ. خىزمەتنى ۋە ئىش ھەرىكەتنى سالامەتلىكتىن ئايرىپ چۈشىنىۋالغان مەستانىلەر بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەيدۇ. ئەمما بۇنداق خىزمەت مەستانىلىدىن قانچىسى بولسا، شۇنچىسى يۇقىرى سەۋىيە، ئۈستۈن نەتىجە يارىتالمايدۇ. شۇڭا، سالامەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن، ئىش ئۈستىدە ئالدىراقسانلىق قىلماسلىق، بىر پەس بېرىلىپ ئىشلەش، مۇۋاپىق ئارام ئېلىش، كۆپرەك ياخشى نەرسىلەرگە ھەۋەس قىلىش، ھارغاندا ئارام ئېلىش، ئۇخلاش كېرەك. شۇنداقتا، ئىش ئۈنۈمىنىمۇ ساقلاش، سالامەتلىكنىمۇ كاپالەتلىك قىلىش مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئۆتۈق قازانغۇچىلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

ئىسلامجان شېرىپ

ئادەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى جەمئىيەتنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتى كىشىلىك دۇنياسىدا زىلزىلە پەيدا قىلىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ ئىقتىدار بولۇپ، تۈرمۈش سەنئەتكارلىقىدا ئۇنى ئېچىپ بىۋاستە ئىجادىي قابىلىيەتكە ئايلاندۇرۇش ئىشى بىرەر ئەپلىك چارە بىلەن ۋە ياكى بۇ ھەقتىكى بىرنەچچە تۈرلۈك بىلىمنى ئىگىلەش بىلەنلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ، بەلكى ئىجادىي مۇھىتنىڭ ئادەمنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىنى ئەتراپلىق ھازىرلاش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئادەم سۇبيېكتىدا ئىجادىي مۇھىتنىڭ ھازىرلىنىشى يۈكسەك جاسارەت، كۈچلۈك ۋە ساغلام ئىدىيىۋى ھېسسىيات، ئىشەنچ، قەتئىيلىك ۋە زىللىق، شۇنداقلا كۈچلۈك شۇبھىلىنىش قاتارلىق ئىجادىيەت خاسلىقلىرىنى ۋە ساغلام بولغان پىسخىك ھالەت، ئىدىيىۋى خىسلەت، دادىل ھەرىكەت قىلىش غەيرىتىنى يېتىلدۈرۈشنى شەرت قىلىدۇ. بىز «ئادەم ۋە ئىقتىدار»نىڭ خاسلىق بابىدا ۋە «تالانت بوسۇغىسى»نىڭ ئىجادىي قابىلىيەت بابىدا ئىجادىي خاسلىق ھەققىدە بىرقەدەر كەڭرى توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن، بۇ يەردە ئىجادىي پائالىيەتلىرىدە ئۆتۈپ چىقالايدىغان تۈرمۈش سەنئەتكارلىرىنىڭ ئوبرازىنى بىر پۈتۈن گەۋدە تەرىقىسىدە ئۆگىنىشكە ئۇلگە بولسۇن ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پىسخىك ئۆزگىرىشى، ئىدىيىۋى ھېسسىيات ھەم ھەرىكەت ھالەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇقلاپ تونۇشتۇرىمىز.

بىز ھەر دائىم جامائەت ئالدىدا ئورنىدىن تۇرۇپ بىرەر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقمەن، دەپ مەيدىسىگە ئۇرغان ئادەملەرنى كۆرۈپ تۇرىمىز. بۇنداق ئادەملەر شۇ يەردىكىلەردىن ئۆزىگە بەكرەك ئىشەنگەن ئادەملەردۇر. بىر ئىشتا ئۆتۈپ چىقماقچى بولغان بۇنداق ئادەملەرنىڭ بەزىلىرى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆتۈق قازىنىش نىشانىنى تۇرغۇزۇۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈن-تىنسىز كۈرەش قىلسا، بەزىلىرى ئۆزىنىڭ ئۆتۈق قازىنىش نىشانىنى باشقىلار ئالدىدا ۋەدە تەرىقىسىدە ئېلان قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ئېلان قىلغۇچىلارنىڭ جامائەت ئالدىدىكى سۆزى ئۇلارنىڭ ئۆتۈق قازىنىشقا قىلغان ۋەدىسىدۇر. ئەلا پەزىلەتلىك تۈرمۈش سەنئەتكارلىرىمۇ خۇددى ئاشۇ ئادەملەردەك ئۆزى ئىجاد قىلماقچى بولغان ساھەدە تەكتۈشلىرىدىن ھالقىپ چىقىپ كېتىشنى ئۈمىد قىلىدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ساغلام روھىي — پىسخىك پەزىلەتلىرى تۈرمۈشنىڭ سەنئەتكارى بولىمەن دەيدىغان ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، جامائەت ئالدىدا ئۆزىگە ئىشىنىپ مەيدىسىگە ئۇرۇۋاتقان ئاشۇ ئادەملەردەك خەلقى ئالەمگە بېرىلگەن ۋەدىدۇر. كىمدە-كىم ئىجادىيەت سەھنىسىدىن غىل-پال قىلىپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۆتكۈنچى بولماي، تەكرار كۆرۈنىدىغان ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، ئىجادىي پائالىيەتلىرىدە ئۆتۈپ چىقالايدىغان سەنئەتكارلارنىڭ ئوبرازىنى ئۆزىدە بىر پۈتۈن ھالەتتە تۇرغۇزىمەن دېسە، ئىجادىيەت يولىنى توساپ ياتقان يولۋاس — پىسخىك ئاجىزلىقلارنى مەغلۇپ قىلىدىغان دائىمىي جاسارەت ۋە ئىشەنچكە ئىگە بولۇشى، ئۆتۈپ چىققۇچىلار ۋۇجۇدىدىن بىزگە ئۇلگە بولۇپ نۇرلىنىدىغان ئىجادىي خاسلىق ۋە پىسخىك پەزىلەتلەرنى ئۆزىنىڭ «تۈرمۈش سەنئەتكارى بولىمەن» دەپ قىلغان ۋەدىسى ھېسابلاپ، ئۇلارنى ئومۇميۈزلۈك، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كۆپرەك ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن، ئۆزلۈكچە بوشاشماستىن چېنىقىشى كېرەك. تۆۋەندىكىلەر ئەنە شۇنداق تۈرمۈش سەنئەتكارلىرىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆز نۆۋىتىدە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان خاسلىق ھەم پىسخىك پەزىلەتلەردۇر.

(1) سەنئەتكارلىق قارىشىدا تەبىئىيلىك بولىدۇ. بۇنداق ئىجادىي ئادەملەر سەنئەتكارلىقنى تۈرمۈشنىڭ تەبىئىي قىياپىتى دەپ بىلىدۇ ۋە ھەربىر ئىجادىي پائالىيىتى بىلەن ئۆزىگە ئىلھام بېرىپ ئۆرلەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاللىقانداق ھەشەمەتچى ئادەملەر ئەمەس، ئاساسلىقى تۈرمۈش پوزىتسىيىسى توغرا ھەم ئۈمىدۋار ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار تۈرمۈشقا تەبىئىي قارايدۇ. «ئىنسان تۈرمۈشىنىڭ ھەممىسى سەنئەت شەكلىدە ئىجاد قىلىنغان، ئۇنداق بولمىغاندا ئىدى، ئادەملەر ئۆز تۈرمۈشىنى مۇنچىۋالا ئېزىپ كېتەلمەيتتى، بىزمۇ بۇ دۇنياغا مۇشۇ زۆرۈرىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلمىساق، مەسئۇلىيەتسىز دېۋەڭلەرگە ئايلىنىپ كېتىمىز، تەييارتاپلارنى يوقىتىش ۋە ئەمگەكنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت تارىخنىڭ

ئىقىمى هازىر بىزنىڭ ئېگىلىق يارىتىش يولىمىز! بولۇشى كېرەك» دەپ ئويلايدۇ. مۇشۇنداق ئوي بىلەن سەنئەتكارلىقنى بىر مەزگىللىك ئېخىنىڭ خاراكتېرلىق نىشان قوغلىشىشىغا ئايلاندۇرۇۋالماستىن، ئۇنى تۇرمۇشنىڭ تەبىئىي ئېهتىياجى، هەربىر ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا ئادەملىك ئىززىتىنى ئۈستۈرۈپ بارىدىغان، ئۆز هاياتىنىڭ ئوبرازىنى تۇرغۇزىدىغان مۇقەررەر، دائىملىق هەرىكىتى قاتارىدا هەرقاچان مۇلاهىزە قىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئۆزلۈكسىز ئىجادىيەت ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇش قىياپىتىدىن ئۆزلۈكسىز هالقىش بولىدۇ؛ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش قىياپىتىدىن بۇنداق هالقىش بولسا ئۆزگىچە ئۇتۇق قازىنىشىنىڭ ئۇل ئېشى ۋە باشقىلاردىنمۇ هالقىپ ئۆتۈپ كېتىشنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئۆزى ئۆزىگە: «ئۆزۈڭ چىڭ تۇر، هەرگىز باشقىلارنى دورىما؛ پۈتۈن هاياتىڭدا توپلىغان كۆچ ئارقىلىقلا تالانتىڭنى كۆرسىتەلەيسەن؛ باشقىلارنىڭ تالانتىدىن پايدىلانساڭ، پەقەت ئۇنىڭ يېرىمىغا ئىگە بولالايسەن»① دەپ تۇرىدۇ. مۇنداق ئىجادىيەت قارىشى ئۇلارنىڭ هاياتىنىڭ قىممىتىنى يارىتىش جەهەتتىكى بىر پۈتۈنلۈك هېسسىياتىنىڭ ئىپادىسى بولۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ توختىماي ئۆرلەپ جامائەت ئىچىدىن ئۆتىنىڭ بىرى بولۇپ كېتەلىشىنىڭمۇ ئاساسىدۇر. چۈنكى بۇنداق ئادەملەر ئىچكى دۇنياسىدا ئاشۇنداق تەبىئىي هالدىكى سەنئەت قارىشىلا ئەمەس، يەنە ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ نەق بار هالىتىدىن هالقىپ كېتىش ئۈمىدىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە: «جاهاندىكى هەممە ئىش ئۈمىد ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. دېهقان سالغان ئۇرۇقنىڭ يېتىلىپ ئۇرۇق بولۇشىنى كۈتمىگەن بولسا، ئۇ بىر تال كوممىقوناق ئۇرۇقنى تېرىمىغان بولاتتى؛ بويتاق باللىق بولۇشنى ئۈمىد قىلمىغان بولسا، ئۆيلەنمىگەن بولاتتى؛ سودىگەر ياكى هۈنەرۋەن تاپاۋەتنى كۆزلىمىگەن بولسا، ئۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانمىغان بولاتتى».② مەنمۇ چىڭ تۇرسام تالانتىمنى جارى قىلدۇرۇپ، سەنئەتكار بولالايمەن، دېگەن ئوي بولىدۇ-دە، ئۇلار باشقىلار ماختىمىسىمۇ خۇش بولالايدۇ. ئۆز ئالدىغا بىر يېڭى ئويدا بولسا، بىر نەرسىنى ياساپ چىقسا، كىشىلەر ئويلىمىغان يەردىن بىر ساۋاپلىقنى قىلىپ كېتەلىسە، ئۆز ئىچىدە پەخىرلىنىدۇ. هەتتا: «ئەي، تەڭرىم قەلبىمگە ئىلىمدىن نۇر قويۇپ، مېنى نەدىكى يامان ئىشلاردىن ساقلاپ، كىشىلەرگە پايدىلىق شۇ ئىشنى قىلىشقا نېسىپ قىلغانلىقىڭ، جامائەتكە يۈزۈمنى يورۇق قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن مىڭلارچە تەشەككۈر» دېگەندەك جەزبىلىك هالغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ يېڭى پىكىر نەتىجىسىنى ئەتراپىدىكىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئىنسانلىق كامالىتىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈرىدۇ-دە، باشقىلا ئۇلارنى ماختاپ باركاللا ئېيتمىغان تەقدىردىمۇ ئاكتىپ پوزىتسىيە بىلەن ياشاۋېرىدۇ. هەتتا مۇتەهەملەرنىڭ ماختىشىنى ياقتۇرمايدۇ، باشقىلار ماختىسا «راستىمۇ، يالغانمۇ» دەپ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆرىدۇ. ئۆتۈپ چىقالمايدىغانلار ئۇندا ئەمەس، ئۇلار باشقىلارنىڭ باهاسىنى، ماختىشىنى دەلىللەر بىلەن تەكشۈرۈپ كۆرمەيدۇ. باشقىلارنىڭ جەزملەشتۈرۈشىنى، باركاللا ئېيتىشىنى ئاسلىس قىلىدۇ. باشقىلار ماختىمىسا، ئۆزىنى مەغلۇب بولغۇچىلار قاتارىغا كىرگۈزۈۋالىدۇ، پۇل پايدا ئالالمىسا تىت-تىت بولىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىدا ئىجادىي پائالىيەت تەبىئىيلىكتىن ئايرىلىپ، ئىجادىيەت سۈيىيكتىدىن تاشقىرى نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ-دە، ئۇتقۇچىلار ئىلكىدىكىدەك تۇرمۇشنىڭ تەبىئىي ئېهتىياجى بولۇپ ئەۋجىگە چىقالمايدۇ. ئۇتقۇچىلارنىڭ ئېسىل يېرى مانا مۇشۇ يەردە. ئۇلار خۇشاللىقنى باشقىلاردىن ئىلىشقا، باشقىلارنىڭ باركاللا ئېيتىپ قويۇشىغا هاجەتمەنلەرچە قاراپ تۇرماي، ئىجادىي پائالىيەتنى رېئاللاشتۇرغان هامان، ۋىجدانىدا: «خەلقى-ئالەمگە بىر ياخشى ئىش قىلىپ بېرىۋالدىم-هە!» دەيدۇ-دە: پۇل پايدا ئالالمىسىمۇ باي بولغاندەك خۇشال بولىدۇ ۋە تەبىئىيدىن ئۆرلىگەن بۇ خۇشاللىقنى يەنە بىر ساۋاپلىق ئىجادىي پائالىيەتكە ئۇلاپ دائىمىي كۆتۈرەڭگۇ تۇرىدۇ. ئېخىمۇ قەدىرلىك يېرى شۇكى، ئىجادىي پائالىيەت تۈپەيلى باشقىلار ئۇلارنىڭ ئۇنداق ياكى بۇنداق كەمتۈك جايلىرىنى دەپ ئېيتىپ يۈرگەن تەقدىردىمۇ مەيۈسلەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىنسان بالىسى هەرقانچە چەبدەس بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ۋە هەرقانداق ئۇلۇغ ئىش قىلغان تەقدىردىمۇ ئاللىقانداق ئىنۋمىلەردىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى ۋە توغرا، هەققانىي ئىجادىي، جەسۇر، غەيىي، پەلۋانلارنىڭ كەينىدىن يامان گەپ قىلىپ يۈرىدىغانلارنىڭمۇ دۇنيانىڭ هەممە يېرىدە هەرقاچان ئازدۇر-كۆپتۇر بولىدىغانلىقىنى، قابىلىيەتلىكلەرگە هەسەت قىلىدىغانلار كۆپ بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇلار هەسەتكە مۇنداق قارايدۇ: «هەسەت — زەهەرلىك ئويغاقلىق، نەۋائى نادانىنى ئېشەك، پىسقىنى ئەخلاقسىز، يالغانچىنى قەبىه گۇناهكار، غەيۋەتخورنى ئەجەلسىز ئۆلىدىغان ناپاك، دەپ خاراكتېرلىگەندەك،

① «ئەقىل-پاراسەت خەزىنىسى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 246-بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب

ئۇ بېخىل، ئەشەددىي قارا كۆڭۈل، ئىچى تار بىر مەخلۇق بولۇپ، ئۇ كۆپىنچە پاكىز، ئاددىي كىشى بولۇپ كۆرۈنسىمۇ دىلى كۆرەلمەسلىك، دۈشمەنلىك ۋە ئاداۋەت كومۇرلىرىگە تولغان بولىدۇ. ئەمما ھەسەتنىڭ ئانىسى — كۈچسىزلىك، مەنىۋى ئاجىزلىق. ئىستىبداتلىق ئادەملەرنىڭ نەپسىلىرىدىن ئىستىبداتسىزلار كۆپىنچە غىدىقلىنىپ بوغۇلىدۇ. دانانىڭ پىكرىدىن نادانىنىڭ بېشى ئاغرىيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيانىڭ قايسى جايىدا كامال تېپىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلۇغ ئىستېبدات ئىگىلىرى — مەيلى ئۇلار ئالىم، شائىر ياكى تېۋىپ بولسۇن ئوخشاشلا ئۇ ياكى بۇ خىلدا ھەسەت ئوقلىرىغا نىشان بولۇپ ئۆتكەن. ھەسەت ئۇچقۇر ئارغىماقنىڭ ئاياغلىرىغا مىخ بولۇپ سانچىلىشى مۇمكىن. ھەسەتنىڭ كەسپى گۆركالىق بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ مەردلەرنىڭ يوللىرىغا تىنىمسىز ئورەك كولايدۇ. ھەسەتخور زەھەرلىك يىلاندەك پەيت پايلايدۇ. خۇددى سايىدەك كىشى كەينىدىن سۆرۈلۈپ يۈرىدۇ. ھەسەت تەھدىتىدىن ھەمىشە ئاگاھ بولۇپ ياشاش كېرەك. لېكىن، ۋاقىت ۋە ئەقىل سەرپ قىلىپ ھەسەت بەندىلىرىگە قارشى ئەتەي كۈرەش قىلىش لازىم ئەمەس»[①] چۈنكى، ئۇ ھامان بىگىلگۈچى، ھەققىي پەزىلەت ئېگىسى ئۇتقۇچى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ھەسەتخورلارنىڭ نادانلىق ئىلكىدە قىلىنغان «غەيۋەت»لىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، ۋەتەنداش قېرىنداشلىرىنىڭ كىچىك سەۋەنلىكلىرىگە ئەپۇچان مەردلەر قاتارى خۇشال-خۇراملىق بىلەن تۇرمۇشنىڭ ئىجادىيلىقتىن ئىبارەت تەبىئىي ۋە ھەققىي قىياپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن شەخسىي دۈشمەنلىرى يوق دېيەرلىك ھالدا ئەركىن نەپەس ئالىدۇ. ئۆزىنىڭ باھاسىنى تېخىمۇ ئېنىق بىلمەكچى بولغاندا بولسا، ئۆزىنى خەلق ھۆكۈمىگە ھاۋالە قىلىدۇ. جامائەتمۇ ئايرىم بەغەرەزلەرنىڭ ئۇششاق گەپلىرىگە قارىماي بۇ مەردلەرگە ئىززەت-ئىكرام قىلىشقا باشلايدۇ.

راست، ئۇتۇق قازانغۇچىلارنىڭ بۇنداق سېلىشتۇرۇش قىلىشى چوپىيلەرنىڭ قىلتاقلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىجادىي پائالىيەتنى باشقا ئېلىپ چىقىشنىڭ مۇھىم تاكتىكىسى. دانىشمەن كارنېگىمۇ بىزگە ئەنە شۇنداق تەلىم بەرگەن. ئۇ قانچىكى قابىلىيەتلىك، قانچىكى تەسىرى بار ئادەملەرگە مۇناپىق ئادەملەرنىڭ شۇنچىكى قارا چاپلىغۇسى، ئۇنى ئاياغ ئاستى قىلغۇسى كېلىپ كېتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بىزگە مۇنداق مەسلىھەت بەرگەن: «تاۋادا بەزىلەر سىزنى ئاياغ ئاستى قىلسا، سىزگە ھۇجۇم قىلسا، سىز شۇنى بىلىشىڭىز كېرەككى، سىزنى ئاياغ ئاستى قىلغان ۋە سىزگە ھۇجۇم قىلغان بۇ كىشىلەر ئۆزىنىڭ قالتىس نوچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش خىيالىدا بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ سىزگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقتى دەل سىزنىڭ ياخشى ئىش قىلىپ نام چىقىرىدىغان ۋاقتىڭىز بولىدۇ. دۇنيادا شۇنداق بىر خىل ئادەملەرمۇ باركى، ئۇلار ھەمىشە باشقىلارنىڭ ئالغان تەربىيىسىنىڭ ئۆزىنىڭكىدىن يۇقىرىلىقىنى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ ئۆزىنىڭكىدىن چوڭلۇقىنى كۆرۈپ ئىچىدە غۇم ساقلايدۇ. شۇڭا، ھامان ئۇنى «چاپۇتلىغۇسى» كېلىدۇ. مەن دەل مۇشۇ بابنى يېزىۋاتقاندا، بىر ئايالدىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋالدىم، خەتتە جياگجۇن ۋېلىيام بوسقا — ھەربىي دوختۇرلار خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان بۇ ئادەمگە قارا چاپلانغان. مەن بىر قېتىم رادىئودا دوكلات بەرگەندە جياگجۇن ۋېلىيام بوسقا مەدھىيە ئوقۇغانىدىم، بۇنىڭ بىلەن بۇ ئايالدا ھەسەتخورلۇق پەيدا بوپتۇ. ئۇ خېتىدە ماڭا، جياگجۇن ۋېلىيام بوس ئىئانە قىلىنغان نۇرغۇن پۇلغا خىيانەت قىلغان دەپتۇ. بۇ بىر خىل كۆلكىلىك شىكايەت ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇنىڭ ماھىيەتلىك سەۋەبى، ئۇنىڭ بۇنداق ھۇجۇم قىلىش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىدىن ئابرۇيلۇق ئادەمنىڭ ئىناۋىتىنى تۆكۈش مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس. زەھەرلىك سۆز-ئىبارىلەر بىلەن تولغان بۇ خەتنى كېرەكسىز قەغەز سېۋىتىگە تاشلىۋېتىپ، ئىچىمدە ئاللاغا رەھمەت ئېيتىپ، تەلىيىم بار ئىكەن، ھېلىمۇ مۇشۇنداق خوتۇنلار بىلەن بىر ئۆيگە كىرىپ قالماپتىمەن دېدىم. ئۇنىڭ خېتى ۋېلىيام بوس ئەپەندىگە قىلچە زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمىدى، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ رەزىل روھىي دۇنياسىنى ئېچىپ تاشلىدى. شوپېنھاۋېر رەزىد ، چاكىنا ئادەملەرنىڭ ئەڭ زور لەززىتى ئۇلۇغ زاتلارنىڭ ئاجىزلىقى ۋە بېتەرسىزلىكىدىن قوسۇر تېپىش ئۈچۈن بىلىش قانۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن».[②]

كۆز ئالدىمىزدىكى ئەمەلىيەتكە قارايدىغان بولساقمۇ مۇنداق سېلىشتۇرۇش تۇرمۇش قىياپىتىنى بېكىتلاشنىڭ ئىلھامچىسى، ئۆزىنىڭمۇ، باشقا بىرىنىڭمۇ گېپىگە ئىشەنمەي، ئۆزىنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئىشىنىش روھى، ئادەمنىڭ جامائەت ئىچىدىن ئۆز مېھنىتى ئارقىلىق مېۋە تەقدىم قىلىش يولى بىلەن ھالقىپ چىقىشنىڭ ھەققىي سەۋەبچىسى.

---

① ئىبراھىم ھەققۇلوۋنىڭ «نادانلىق-ياۋۇزلۇق» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى»، 1994-يىل 2-سان.
② كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 319-، 320-بەتلەر.

تۇرۇقلۇق ئۇخشىمىغان نەتىجىگە ئىگە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ بۇ يەردىكى تۈگۈن ئەنە شۇ ئىجادىيەتنى تۇرمۇش قىياپىتىگە ئايلاندۇرۇش بىلەن ئايلاندۇرماسلىق ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئايلاندۇرالىغانلار ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن ئۆرلىگەن نۇرى ئىھسان بىلەن دائىم ئىلھاملىنىپ ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ھالىتىدىن سەكرەيدۇ، ئۆسىدۇ، ھالقىيدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇنداق سىلىشتۇرۇشى بەھوزۇر، تەبىئىي، ۋىجدانەن بولۇپ، ھېچقانداق ھەسەت ئوتىنى باشقىلارغا تۇتاشتۇرمايدۇ. ئۇتالمىغانلارچۇ؟ ئۇلارنىڭ سىلىشتۇرۇشى ئۇتقۇچىلاردەك مەنىۋىيەت تەرىپتە ئەمەس، شەخسىيەت بىلەن تولغان تاشقى ماددىي بايلىق، ئورۇن، مەرتىۋە، ھەتتا ئەتراپتىكىلەر ئېرىشكەن كىچىككىنە نەپلەرگىمۇ چىدىيالماسلىق دەرىجىسىدە بولغانلىقتىن، ئۇلار ھەرقاچان مەنىۋىيەتتە تۆۋەنلەشكە، كىشىلىك مۇناۋەتتە ساختىلىققا، ھەتتا ئىجادكارلارغا ھەسەت ئوتى تۇتاشتۇرۇشقا يۈزلىنىپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇش ھالىتىدىن ھالقىيالمايدۇ، باشقىلاردىنمۇ ھالقىيالمايدۇ. جامائەتمۇ ۋاپاسىزلىق بىلەن تولغان بۇنداق ئادەملەرنى ئاستا-ئاستا كۆزىتىپ باردۇ-دە، ئۇلاردىن ئىجتىمائىيەتكە نەپ تەگمەيدىغانلىقىنى تولۇق جەزمەلەشتۈرگەن ھامان قەلب جامىدىن ئۇلارنىڭ ئورنىنى بىكار قىلىدۇ. ئەمما، شۇ نەرسە ھەممىمىزگە خاسىيەت بولىدۇكى، باشقىلاردىن ھالقىپ كەتكۈچىلەر مەجبۇرىيەت ۋە نومۇس يولىنى ھېچ ۋاقىت تەرك ئەتمەي جۇشقۇن تۇرىدۇ، ئىجادىيەتنى تۇرمۇش قىياپىتى دەپ قاراپ، ئۆزىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلغان ئىجادىي نەرسىلىرىنى دۇنيانىڭ بىردىنبىر مۆجىزىسى دەپ داپ چالماستىن، ئىنسان ھاياتىنىڭ نورمال قەدىمىدە قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيەت دېگەن ئىدىيە بىلەن كەمتەرانە ئۆلگە بولىدۇ. كۆز ئالدىدا قېرىنداشلىق، يۇرتداشلىق، ۋەتەنداشلىق.. ھېسسىياتلىرى بىلەن تۇرمۇش قىياپىتىنى يېگىلاشقا تەلمۈرۈپ تۇرغان خەلقنىڭ غېمىدا يېگىلىق يارىتىش بويىچە تېخىمۇ چوڭقۇرلايدۇ. مۇشۇ خاسىيەت بىلەن بىز تەربىيەتلىك بولۇپ، مەغرۇرلىنىپ جاھىللىق قىلىدىغان، توغرا نەسىھەت ۋە دوستانە ياردەملەرنى رەت قىلىدىغان، ئويېيكتىپ ئۆلچەمدىن ئايرىلىپ قالىدىغان، ھەتتا شەخسىيەتكە بېرىلىپ خەلققە يۈز ئۆرۈيدىغان ئىللەتلەرنى چۆرۈپ تاشلاپ، كەمتەرلىككە يۈزلىنىمىز، يامانلىققا قارشى تۇرۇش، مۇناپىقلىقنى ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلاش، جەمئىيەتكە ياخشىلىق تېگىدىغان ئىجادىي پائالىيەتلەرنى دادىللىق بىلەن داۋاملاشتۇرۇش غەيرىتىگە ئىگە بولىمىز.

(2) تۇرمۇش سۆيگۈسى كۈچلۈك بولىدۇ. بۇنداق ئىجادىي ئادەملەر تۇرمۇشنىڭ ھەممە ساھەسىدىن ھوزۇرلىنىشنى ئويلايدۇ. چۈنكى ئىجادىيەت نەتىجىسى دېگەن تۇرمۇشنىڭ ھەممە قاسىنقىدا ئۇخشىمىغان روماللارغا ئورۇنۇۋېلىپ ماراپ تۇرغان پەرىلەرگە ئوخشاش گۈزەللىك دۇنياسى بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ قايسى قاسىنقىدىن قايسى پەرىنىڭ يۈزىنى ئېچىش ئامىتى مۇھەببەت ئوتىدا ئۇزاق مۇددەت چاڭقاق يۈرگەن يىگىتكە خىلى ھەرىكەت بولغاندەك تۇرمۇش مۇھەببەتچىسىگە مەنسۇپ نەرسىدۇر. شۇ تۈپەيلى، ئۇلار ئىلىم-پەن مەنبەلىرىدىن دەرس ئېلىشقا، چاسا كوچىلاردا مېڭىپ كۆرۈشكە، سەنئەت تۈرلىدىن ھوزۇرلىنىشقا، باغۇ بوستانلاردا سەيلە قىلىشقا، دەردمەنلەر بىلەن ھەمسۆھبەت قۇرۇشقا، مۇھەببەت ئويېيكتلىرىنى ئەزىزلەپ قۇچاقلاشقا... ئىش قىلىپ تۇرمۇشتا بولىدىغان ھەقىقىي ياخشى ئىشلارغا قىزىقىدۇ. تۇرمۇشنىڭ شۇ مەزمۇنلىرىنى بېيىتىش ئۈچۈن، ئۆزىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتنى قانداق جارى قىلدۇرۇش ھەققىدە ئويلىنىدۇ. ئۆزىنىڭ بەختى-ئامىتى ۋە لەززەت-مەززىسىنى تۇرمۇشنىڭ بىرەر مەزمۇنى ئۈستىدىكى تەتقىقات، ئىختىرادىن ئىزدەيدۇكى، ئىنسان روھىنى زىمىپلەشتۈرىدىغان قەھۋەخانىلار، مۇھەببەتسىز مەيدىسىنى ئېچىپ تۇرىدىغان ھابۋانىي نەپسى تەلپىلەر، ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى بوشىتىپ تاشلايدىغان شېرىن-سوخەن خوتۇنلار، ئۇزاققا بارماي جاننى ئالىدىغان زەھەرلىك چېكىملىكلەر، ھامان بىر كۈنى ئىسقاتمايدىغان ۋاقىتلىق ئەمەك ۋە نىقابلار، دىلىدا بولۇقلاپ يىغلاۋاتقان بىچارە قېرىنداشلىرىغا خىيانەت بولىدىغان نەپسى تەقەززاسىدىكى تۈرلۈك سودىلار، كەيىپ-ساپالىق تۇرمۇشتىن قايمۇقۇپ، قانداقلا نەرسە بولمىسۇن چەت ئەلنىڭكىنى، باشقىلارنىڭكىنى ياخشى دەپ مىللىي غورۇرنى يەرگە ئۇرۇشلارنى غەيۇر شىجائەت بىلەن چۆرۈپ تاشلايدۇ. ھەتتا، ئۇلار تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنلۇق تەرەپلىرىگە شۇنداق ئىلمراقكى، ئىجادىيەت مۇددىئاسىغا ۋە تولۇپ تاشقان قىزغىنلىققا ئىگە بىر ئادەمنىڭ ھامان بىر مۆجىزە يارىتالايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ ۋاقىتلىق پايدا ئالالمىغانلىقىدىن تۇرمۇشنىڭ ئاللىقانداق ياخشى تەرەپلىرىدىن ۋايسىمايدۇ، ئامانسىز تەرەپلىرىنى تەقدىردىن كۆرمەيدۇ، توسالغۇغا ئۇچراپ قالغاندىمۇ ۋايجان قىچقارمايدۇ. بەلكى، شۇنداق تەرەپلەرنى رېئاللىق تارازىسى بويىچە قوبۇل قىلىپ يەنە بىرمۇنچە نەرسىلەرنى ياخشى كۆرۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بىرىدىن: «نېمە بىلەن خوشۇڭ يوق» دەپ سورىسىڭىز، ئۇ دىماللىققا ئېنىق جاۋاب قىلالماي، «بۇ ئادەم نېمە دەيدىغاندۇ، مەندىكى شاد-خۇراملىق ھەممىدىن ئاۋۋال تۇرمۇشقا بولغان ھەۋەسلىرىمدىن، ئاندىن قالسا خەلقىمگە ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا بولغان مۇھەببىتىمدىن كەلگەن تۇرسا، مەن قانداقسىگە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن

ياخشى كۆرمەيدىغانلىرىمنى مۇشۇ مىنۇتتىلا دەپ بېرەلەيتتىمكى» دەپ ھەيران قالدۇ. چۈنكى ئۇلار تۇرمۇشتا شۇنداق قىزغىنكى، سىز گەپ سورىغاندا ناۋادا يامغۇر يېغىۋاتقان بولسا، ئۇ ئۆزى يامغۇردىن مۇداپىئەلىنىۋاتقان تۇرۇقلۇق، سىزگە: «يامغۇر ياخشى ھەم گۈزەل، يامغۇر بىزگە ھاياجان، دەل-دەرەخلەرگە ھوزۇر، ھايۋانلارغا ئۇسسۇزلۇق بېرىدۇ» دېيدۇ ھەممە يامغۇرنىڭ تۇرمۇشقا بەرگەن لەززىتى بىلەن بەزىدە كەلتۈرىدىغان زىيانلىرىنىمۇ تەبىئىي ئويلايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەمگە بېرىدىغان ھوزۇرىنى ئاشۇرۇپ زىيىنىنى كىچىكلىتىشنى تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىنىڭ بىر مەزمۇنى قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار يامغۇرغا، قارغا، قارنىڭ ئېرىپ سۇ بولۇشىغا، قاردا چاڭغا تېيىلىشقا، دەريا-كۆللەردە قولۋاق ھەيدەشكە قىزىقىدۇ. ئات مىنىشكە، ئاجايىپ ھايۋانلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە، ھەتتا قۇرۇت-قوڭغۇزلار، زىرائەت، جان-جانىۋارلارغىمۇ قىزىقىدۇ ھەممە ئاجايىپ زور تەشنالىقى بىلەن شۇ ساھەلەرنىڭ ھەرقاندىقىدا ئاۋۋال ئوقۇغۇچى بولۇپ ئۆگىنىپ، ئاندىن ئۇلارنى بىزنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزنىڭ تېخىمۇ گۈزەللىكى بىلەن باغلاپ تۇرۇپ تەتقىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىمىزغا ھوزۇر يەتكۈزىدىغان تەرەپلىرىنى كۆپەيتىش، زىيان كەلتۈرىدىغان تەرەپلىرىنى ئازايتىش ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ھەققىي شاد-خۇراملىقى ھېسابلايدۇ. مانا بۇ ئۇلاردىكى ئىزچىل قىزغىن پوزىتسىيىدۇر. دۇنيا تارىخىدا ئۆتكەن ئۇلۇغ ئەربابلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۈستىدە ئىزدەنگەن كارنېگىمۇ ئىجادىيەت ئۈستىدىكى مۇھىم مەسىلىنىڭ پايدىسىز ئەمەلنى پايدىلىق ئەمەلغا ئايلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى، غالىپلارنىڭ ھاياتى ئەنە شۇنداق ئوڭۇشسىز، پايدىسىز ئەمەللارنى ئوڭۇشلۇق، پايدىلىق ئەمەللارغا ئۆزگەرتىش قىزغىنلىقى بىلەن ئۆتىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ: «مۇبادا قولۇمدا ھوقۇقۇم بولىدىغان بولسا ۋىلىيام بولتونىڭ «تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش داۋامىدا نەپ ئېلىش ئەمەس — بۇ ھەتتا ساراڭلارنىڭمۇ قولىدىن كېلىدۇ — بەلكى قانداق قىلىپ پايدىسىز ئەمەلنى پايدىلىق ئەمەلغا ئايلاندۇرۇش. ئۇ ئەقىل-پاراسەت ۋە قابىلىيەتكە مۇھتاج، شۇڭا ئۇ ئەقىللىقلەر بىلەن ئەخمەقلەرنىڭ تۈپ پەرقى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ» دېگەن مەشھۇر سۆزىنى تۇچقا ئويدۇرۇپ، ئېلىمىزدىكى ھەممە مەكتەپنىڭ ئالدىغا ئېسىتۇرۇپ قويغان بولاتتىم» دېيدۇ.①

راست، «قىزغىنلىق ئادەم خاسلىقىنىڭ تەبىئىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى. ئۇ بولمايدىكەن، سەندىكى ھەرقانداق قابىلىيەت جايىدا جىمجىت تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. بىز شۇنى جەزملەشتۈرۈپ ئېيتالايمىزكى، ئالاھەزەل ھەربىر ئادەمدە ئېچىلمىغان يوشۇرۇن قابىلىيەت بولىدۇ. سەندە بىلىم بولۇشىمۇ مۇمكىن، توغرا ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى، ئەلا سۈپەتلىك ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش قابىلىيىتى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، سەن ئۆز قەلبىڭدىكى ھارارەتنى پىكرىڭگە ۋە ھەرىكىتىڭگە سەرپ قىلمايدىكەنسەن، ھېچكىم — ھەتتا ئۆزۈڭمۇ مېنى مۇنداق ئادەم، دېيەلمەيسەن»② ... بۇنداق قىزغىنلىق ئادەم قەلبىدىن، ئادەمنىڭ ئۆزى شۇ سائەتتە قىلىۋاتقان خىزمىتىگە بولغان چىن مۇھەببەتتىن كېلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، تۇرمۇشنىڭ بۇ مۇھەببەتچىلىرىگە تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى كىشىلەر يادىغا كەلتۈرمىگەن ئاللىقانداق تەرەپلىرى ئۈمىد كەپتىرى بولۇپ قانات قېقىپ تۇرىدۇ-دە، ئۇلار شۇ ئۈمىد بىلەن «پۇرسەت يوق» دېيىدىغان مەغلۇبىيەتچىلەردىن ھالقىپ، ئىجادىيەت پۇرسىتىنى ئەمەلىي تۇرمۇشتىن ئۆزلىرى يارىتىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلۇغ ئادەملەرگە ئايلىنىدۇ. فۇلتوننىڭ كىچىككىنە سۇمبا ئىختىرا قىلىپ ئامېرىكىنىڭ ئاتاقلىق ئىنژېنېرى بولۇپ كېتىشى، بېلنىڭ تېلېفون ئىجاد قىلىپ دۇنياغا تونۇلۇشى، جەن تيەنيۇنىڭ بېيجىڭ-جاڭجياكو تۆمۈر يولىنى ئۆزى پىلانلاپ جۇڭگونىڭ تۇنجى ئىنژېنېرى بولۇپ كېتىشى، ئۇيغۇر ئوغلى مۇراتنىڭ زىققى كېسىلىنى داۋالاشتا رېكورت يارىتىپ دۇنياۋى ئالىم بولۇپ كېتىشى، تۇردى قادىر نازىرنىڭ ئۇيغۇرچە خەت ۋە نەقىش ئىجادىيىتى بىلەن دۇنياۋى سەنئەتكار بولۇپ كېتىشى ۋە بۇلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان تۇرمۇشتىكى ئادىي ئىشقا بولغان مۇھەببەت تۈپەيلى باش كۆتۈرۈپ كەتكەنلەر ئەنە شۇنداق تۇرمۇشنى سۆيۈپ تۇرۇپ، ئىجادىيەت پۇرسىتىنى ياراتقان — ئۇتۇپ چىققانلاردۇر.

شۇنداق بولمايچۇ، تۇرمۇشتىن ئايرىلىپ پۇرسەت كۈتۈش، باشقىلارنىڭ ياردىمى ئارقىلىقلا ئىجادىيەتتە ئۇتۇپ چىقىشنى ئويلاش ئادەمنى مەڭگۈلۈك نەتىجىسىز قالدۇرىدۇ. ئىجادىيەت پۇرسىتىنى ئادەم ئۆزىنىڭ تۇرمۇشقا بولغان مۇھەببىتى بىلەن ئىچ-ئىچىدىن قوزغىلىپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى، ئىجادىي قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ يولى ئۈستىدە توختىماستىن ئويلىنىش، كۆڭۈل قويۇش، جەبىرلەرگە سەۋرى قىلىش ئارقىلىق يارىتىدىغان نەرسە. شۇڭا،

① كارنېگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 287-بەت.
② «كارنېگ ھېكمەتلىرى» دوستلۇق نەشرىياتى شىركىتى، خەنزۇچە نەشرى، 146-بەت.

بىز ئۇتۇپ چىققۇچىلارنىڭ ئىجادىيەتنى تونۇمۇشنىڭ قىياپىتى، تەبىئىيتى دېيدىغان روھىغا تونۇمۇشنى سۆيۈش روھىنىمۇ قوشۇپ ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

(3) ئۆزى ھەققىدە ئوبيېكتىپ خۇلاسە قىلىدۇ. بۇنداق ئىجادكارلار ھاياتىدىن بىلسۇقچىلىق خۇلاسە قىلغاندا، خاتالىقلاردىن ساۋاق ئالىدۇ، ئۆتكەن ئىشلارغا پۇشايمان قىلمايدۇ، دوستلۇقنى قەدىرلەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇن بەزى ئىشلارنى خاتا قىلىپ قويغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇنى تۈزىتىشكە ۋەدىلەر قىلىدۇ. لېكىن، شۇنداق قىلىپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە نەپرەتلىنىپ: «ئېسىت» دېمەيدۇ، ھەممىدىن بىزار بولۇپ، ئۆزىنى قارشى ئېلىنمايدىغان كېرەكسىز ئادەم ھېسابلىمايدۇ. بۇرۇنقى بەزى قىلىقلىرىدىن ھازىرقى كۈندە بەزگەنلىكى ئۈچۈنمۇ قايتىدىن تىت-تىت بولمايدۇ. ئۇلار ئەزەلدىن نېمىلەرگىدۇر ئاھ ئۇرۇپ يۈرمەيدۇ، شۇنداقلا باشقىلارنىمۇ ئۈكۈندۈرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار خاتالىق سادىر ق‍ىلماي ھېچكىمنىڭ ئۇلۇغ ياكى مۇنەۋۋەر بولالمايدىغانلىقىنى، كېيىنكى پۇشايماننىڭ ئۆزىگە دۈشمەنلىكىنى، ئۆتمۈشتىكى ئىشلاردىن ساۋاق ئېلىپ توۋا قىلىشنىڭ ئاھ ئۇرۇش، پۇشايمان قىلىشتىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى، ئۆتمۈشتىكى خاتالىقتىن ساۋاق ئېلىش قىممەتلىك بەدەلگە كەلگەن تەجرىبىدىن جەددىي ئالدىغا قاراشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇلار دوستلۇقنى ھاياتتىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ھېسابلايدۇ، ئادەمگە ياخشى دوستتىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئېغىر دەرد بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇڭا، خۇشخۇيلۇق بىلەن كىشىلەرگە ئەدەب قىلىدۇ. باشقىلارنى ئەيىبلەش ئارقىلىق تىزگىنلەشنى ئويلىمايدۇ، ئىنسان ھۆرمىتىنى قەدىرلەشنى كىشىلىك مۇناسىۋەتتىكى ئالىيجانابلىق دەپ بىلىدۇ. ناۋادا باشقىلار ئۇلارنى ئەيىبلەپ قالسا، ئۇلارغىمۇ دەرغەزەپ قىلىپ ۋارقىراپ يۈرمەيدۇ، پەقەت ئۇلارنى پەسەنتكە ئالماي تاشلاپ قويىدۇ، خالاس. كۆڭۈلسىز ئىشلار چىقىپ قالغان تەقدىردە، ئۆزلىرى ئۇ تەرەپتە ھەرىكەت قىلىدىغان ھارامزادىلەردىن بولمىغاچقا، چېچىلىپ قوپاللىق قىلماي، ئىچكى دۇنياسىنى بەخىرامان تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق بەخىرامان تۇرالىشى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى باشقىلارنىڭ ئورنىدا قويۇپ ئويلاشقا جۈرئەت قىلالايدىغان زېرەك، كەڭ قورساقلىقىدىن بولۇپ، «ئەگەر مەن ئۇنىڭ ئورنىدا بولسام قانداق قىلار ئىدىم» دېگەننى كەچۈرىدۇ. باشقىلارنىڭ تامامەن خاتالاشقان تەقدىردىمۇ ئۆزىنى خاتالاشقان ھېسابلىمايدىغانلىقىنى، ئەيىبلەش دېگەننى ھەرقانداق سارالڭ ئادەممۇ قىلالىغانلىقتىن، ئەيىبلىگۈچىنى شۇ قەدەر يەرگە ئۇرىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن سەۋەبنى ئېنىقلاش، ھەتتا گلس ئاڭلىيالايدىغان، گاچا چۈشىنەلەيدىغان مېھرىبانلىق يولى بىلەن ئۇنىڭ خۇلقى-مىجەزىنى چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەم كىشىلەرنى ئەيىبلەپ ئەدەبتىن چىقىپ كەتمەيد ھەم خاتالاشقۇچىنىمۇ ئەدەبكە كەلتۈرىدۇ.

قىسقىسى، ئۇلارنىڭ ئەقىل مەركىزىدە ئۆتمۈشنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇش، ئۆكۈنۈش. بۇرۇن بىرەر ئىشنى توغرا قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ كەيپسىزلىنىش، باشقىلارغا ھۆكۈمرانلىقنى ئەيىبلەش يولى بىلەن كۈچەيتىپ ئۆزىنى چوڭايتىشقا ئۇرۇنۇشتەك ئەخمىقانە ئىشلار ئەمەس، رېئاللىقنى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا يېڭى چارە قىلىش، رېئاللىق ئاساسىدا يۈكسەك نىشان تاللاپ ئىلگىرىلەش، خۇشاللىقنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ.

بۇ نېمىدېگەن ئۇلۇغ روھ-ھە! تەبىئىكى، ئۇتقۇچى سەنئەتكارلارنىڭ بۇ پەزىلىتى بىزگە تارازا. دانىشمەن كارنېگ تەرىپىدىن «ئىنسانىيەت پاراستىنىڭ شانلىق نۇرى» دەپ نام ئالغان ئۇلۇغ زات لىنكولنىمۇ ئۇتقۇچى سەنئەتكارلارنىڭ ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلاردىن ساۋاق ئېلىپ دوستلۇقنى قەدىرلەش روھىغا مەدھىيە ئوقۇغان. قوپاللىقنى ئەقىلسىزلىق قاتارىغا قويغان: «كىشىلەرگە ئادالەتسىزلىك قىلىپ، يامان تەسىر قالدۇرسىڭىز، ئالەمدىكى بارلىق ئەقىدە-قائىدىلەرنى سۆزلەپمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتالمايسىز. دائىملا تەنبىھ بېرىدىغان ئاتا-ئانىلار، زالىم ئەمەلدارلار ۋە رەھىمسىز ئەركەكلەر، كوت-كوت خوتۇنلار بىلىشلىرى كېرەككى، ئىنساننىڭ ھېسسىياتىنى ئاسان ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، باشقىلارنى مەجبۇرلاپ ئۆز كېپىڭىزگە كۆندۈرەلمەيسىز؛ پەقەت سىلىق، دوستانە پوزىتسىيىدە بولغىنىڭىزدىلا پىكرىڭىزگە كۆندۈرەلەيسىز، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە سىلىق، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە دوستانە بولۇڭ!»

بۇ لىنكولن بۇنىڭدىن 100 نەچچە يىل بۇرۇن قىلغان سۆز. ئۇ يەنە:

«بىر تامچە ئۆت سۈيۈقلۇقىغا قارىغاندا، بىر تامچە ھەسەلگە چۈشىن كۆپ ئولىشىدۇ» دېگەن قەدىمكى، يىمىرىلمەس ھەقىقەت بار. ئادەممۇ شۇنداق، ئەگەر سىز كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقاي دېسىڭىز، ئۇلارنى ئۆزىڭىزنىڭ ھەقىقىي دوست ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرۈڭ. شۇندىلا خۇددى بىر تامچە ھەسەلدەك كىشىلەر رايىنى ئۆزىڭىزگە تارتالايسىز ھەم داغدام

يولدا بەھۇزۇر يولدا ماڭالايسىز» دېگەن.[1]

راست، «قوپاللىق — روھىي گادايلىق»[2]، «ئەدەبسىزلىك — جاھىللىق ئۇرۇقى»[3]، «ئەدەب ئەڭ مۇھىم ئىنسانىي پەزىلەتلەرنىڭ بىرى، بۇ خىسلەتنىڭ يوق بولۇشى سەۋەبىدىن كۆپىنچە ئەڭ زور تالانتلارمۇ گۇمران بولىدۇ»[4]. ئىشلەش ئارقىسىدا ھەرقانداق تەشۋىش تۈگەيدۇ، خاتالىقلارمۇ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەر ئاساسىدا كىشىلەر كۆڭلىدىن ئەپۇ قىلىنىدۇ. بۇنداق ئىكەن، قوپاللىق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟

— بىز ئۆزىمىزدە ئەدەب تۇيغۇسىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك، — دېيدۇ گيوتې، — بەزىدە ئادەملەر ھۆرمىتىنى قولغا كەلتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى تېزلا قولدىن بېرىپ قويۇشىمىزمۇ مۇمكىن، بۇ ئادەمگە غايەت زور قىممەتكە چۈشىدۇ ۋە ئەپسۇسكى، ئۆز ئەۋلادىمىزنىمۇ بۇ ئېغىر قەرزدىن قۇتۇلدۇرالماسلىقىمىز مۇمكىن[5]. ئۇيغۇر مۇھىتىدىكى ئالجايىپ تاۋازۇ، خۇشپېئىل، ئەدەب-دىيانەتلىك، سالام-سائەت ئادەتلىرىمىزنىڭ بەزى قىلىقسىز ئادەملىرىمىزدە قوپال دۆمگىلىككە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئويلىغىنىمىزدا، ئەدەبسىزلىكنىڭ ئەۋلادىمىزغا كەلتۈرىدىغان تالاپەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئەدەبلەش، خۇش خۇيلۇقنىڭ ئاساسىي نىيەتنى پاكلاش، سەۋرى-خاتالىقلار ئالدىدا سەمىمىي بولۇپ، يامانلىقتىن قول ئۈزۈپ تېخىمۇ ئىلگىرىلەش ئەقلىنىڭ تەقەززاسى، ئەلۋەتتە.

4) كەلگۈسىگە قايغۇرۇشتىن ھەرىكەت قىلىشنى ئەلا بىلىدۇ. بۇنداق ئىجادكارلار يىراق كەلگۈسى ئۈچۈن، «ئۇنداق بولسا قانداق قىلارمەن، مۇنداق بولسا قانداق قىلارمەن» دەپ قايغۇرمايدۇ ۋە باشقىلارنىڭ بۇنداق قايغۇرۇشلىرىغا ھامىي بولۇپ چۆچۈپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، ئۇلار قەلب تەشۋىشلىرىنىڭ ئادەمنى ھەرقانداق ئىشتىنمۇ كۆپرەك ھارغۇزۇۋېتىدىغانلىقىنى بىلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالغان كىشىلەردۇر. ئۇلار ھەرگىز غەم-قايغۇدىمۇ ئۇلۇغۋارلىق بارلىقىنى ئىنكار قىلمايدۇ. چۈنكى «قايغۇرۇش تۈپەيلىدىن يۈرەك پارە-پارە بولغاندا، بىزنىڭ رەھىمىزمۇ ھەمىشە خۇددى ئورمانلىقتا ئېزىپ قالغان يولۇچىدەك ئايلىنىپ يۈرىدۇ. بىز قورقۇنچ ئىچىدە بارلىق نىشان سەزگۈلىرىدىن مەھرۇم بولىمىز، بىرەر يول تېپىش ئۈچۈن، دەرەخلەرگە ئۇسسۇۋالىمىز، تاشلارغا پۇتلىشىپ كېتىمىز. دەل مۇشۇ پەيتتە بىر يول — ئېتىقاد يولى ئېچىلىپ، توغرىدىن توغرا ئىرمىلىش-چىرمىلىش مۇشكۈللۈككە ئېلىپ بېرىپ، بىز ئىزدەپ يۈرگەن كەڭ يولغا باشلايدۇ»[6]. لېكىن، بۇنداق يول مىڭلاپ تۇرمۇش سەنئەتكارلىرىنىڭ ھەمكارلىقى بىلەن ئېچىلغاچقا، ھەربىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆز ئالدىدىكى ئۆزلىرىنىڭ قولى بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدىغان ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى دەپ غەم-قايغۇنىڭ تاغلىرىغا ئۆزىنى بىلستورۇپ يۈرمەسلىك ئاساسلىق ۋەزىپە بولىدۇ. ئۇلار مانا مۇشۇنداق پوزىتسىيە بىلەن ھەرقاچان ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى ئاگاھلاندۇرىدۇ: رېئال تۇرمۇشىمىزدا غەم-قايغۇغا، ئۈمىتسىزلىككە ئورۇن يوق، ئۇ دېگەن زېھنىي قۇۋۋەتنى خورىتىدۇ، ئادەمنى ھەتتا ۋەھىمە ئىللەتلىرىگە تۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇ كۆز ئالدىغا نىسبەتەن نادانلارنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ھازىرىمىزنىڭ پۈتۈن كۈچى كەلگۈسىمىز ئۈچۈن پىكىر قىلىشتا، ئىجاد قىلىشتا، ھازىرقى توغرا پىكرىمىز، ئىجادىيەت ھەرىكىتىمىز كەلگۈسىدە ئۆلۈپ تۈگەپ كېتىشىمىزنى ئىنكار قىلىدۇ. ھەرىكەت قىلىپ تەدبىر قوللانماي قايغۇرۇۋېرىش ئۆلۈش ۋەھىمىسى بولسا، ئەمگەك، ئەقلىي تەدبىرلەر ھاياتلىقنىڭ بەختكە قاراپ يۈزلىنىشىدۇر. شۇ تۈپەيلى رېئال تۇرمۇش قەدەملىرىمىزنى كەلگۈسى ئۈچۈن قايغۇرۇش ئورنىغا دەسسىتىش ھاياتنىڭ شەرتىدۇر.

ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى مۇنداق ئاگاھلاندۇرۇشى ئالدى بىلەن ھەرقانداق ئۇلۇغلۇقنىڭ بېشى ئادەم قولىدا قىلىنىۋاتقان ئىش بولسا، ئاندىن قالسا كىشىلىك ھايات نىشانىدا يېتىلگەن ھەرقانداق سەۋىيە ھاياتنىڭ ئاخىرقى چېكى بولمىغانلىقىدۇر. دەر ھەقىقەتكى، ھاياتنىڭ بۈگۈنكى نىشانى كەلگۈسىگە تەڭ ئەمەس، كۆڭۈل بۈگۈنكىدىن ئۆتسە ئەتىسى دائىمىي ئۆزگىرىش ئىچىدىن ئۆسۈپ بارىدۇ. شۇڭا، ئادەم بۈگۈنكى ئىشنى پۇختا قىلىشنى ئەتىكى ئۈستۈنرەك نىشان ئۈچۈن ئۇل تىلش قىلىشقا بولىدۇكى، بۈگۈندە تۇرۇپ ئەتىگە ھۆكۈم قىلىپ گېپىنى چورتلا ئۈزۈۋېتىشكە بولمايدۇ. بۈگۈن چىققان چوققىنى ئەتىكى تۇرمۇش سەنئىتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىشقا بولىدۇكى، تۇرمۇش سەنئىتى بۈگۈنكى مەن چىققان چوققىدا ۋايىغا يەتتى دېيىشكە بولمايدۇ. چۈنكى ئادەمنىڭ تۇرمۇش سەنئىتىدە يۇقىرى چوققىلارغا چىقىشى گۈزەللىك تالاش بويىچە[7] ئۆتۈش بولسا، ئۇنىڭغا مەستانە بولۇپ توختاپ قېلىش ياكى كەلگۈسىنى چوققىلاردىن ئۈزلۈكسىز ھالقىش

[1] كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 240-بەت.
[2] تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 698-بەت، 694-، 695-بەت.
[4]
[5]
[6] ھېلبىن كېللېر: «ئەقىل پاراسەت خەزىنىسى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 129-بەت.

ئارقىلىق قۇرۇش تەييارلىقىدا بولماستىن، ئۆزى چىقىپ بولغان يۇقىرىدىكى گۈزەللىك بىلەن ئىش ئەپلەشنىڭ غېمىدە بولۇش ھاياتلىق پاراستىنى دەپنە قىلىشنىڭ باشلىنىشىدۇر. بۇ ھەقىقەتەن بىزگە يەنە، ئۆزىنى ئۈجمە يوپۇرماقلىرىنى يەپ يىپەك غوزەكلىرىنى توقۇۋاتقان پىلە قۇرتى ياكى ئۆزى كۆيۈپ باشقىلارغا يورۇقلۇق بەرگۈچى شام ئورنىغا قويۇپ، قولىدىكى ئىشلارنى پۇختا قىلىشنىڭ غېمىدىن خالاس بولۇش، بېگىباشتىن ئۇلۇغلۇققا قەدەم بېسىش بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

(5) ھازىرنى كەلگۈسىدىن قەدىرلەيدۇ. بۇنداق ئىجادكارلار سەنئەتكارنى ئۆز دەۋرىنىڭ پەرزەنتى، ئۇ گەرچە ئۆتمۈشتىكى مەدەنىيەت بىلەن ھازىرقى مەدەنىيەتنى تۇتاشتۇرىدىغان، ھەتتا كەلگۈسىگە مىڭ يىللار ھاقىيىدىغان بولسىمۇ ئۆز دەۋرىدىن چەتنىگەن، ئۆز دەۋرىدىكى خەلق ھاياتىدىن چەتنىگەن، خەلقنىڭ ئازاب-ئوقۇبىتى، شاتلىقى ۋە ئۈمىت-ئارزۇلىرىغا سۈكۈت قىلىپ تۇرغان، خەلق دۈشمەنلىرىگە پايپېتەك بولغان كىشى ھەقىقىي سەنئەتكار بولالمايدۇ دېگەن ئىدىيە بويىچە، ھەممە ئىشنى كۆز ئالدىدىكى ھەربىر مىنۇتقا كەلگۈسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بۈگۈنكى ئىشلارنىڭ بالىسى، بۈگۈنكى ئىشلارنىمۇ تامامەن بۈگۈنكى پۇختا ھەرىكەتلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى دەپ قارايدۇ، كىشىلىك ھايات گويا بىر ۋاراق ئاق قەغەز بولسا، ياشاۋاتقان مۇشۇ كۈنلىرىمىزدە قولىمىزغا قەلەم ئېلىپ ئۇنىڭغا رەسىم سىزغاندىن كېيىنلا، ئاندىن ھاياتىمىزنىڭ گۈزەللىكىنى ھاسىل قىلالايمىز، ھاياتنىڭ پۈتۈن خۇشاللىقى مانا مۇشۇنداق بۈگۈن ئۈچۈن ئىجاد قىلىشتا، دېگەن ئەقىدىدە بولىدۇ.

بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدا، تەخمىنەن 90 پىرسەنت ئىش يلخشى، ئون پىرسەنت ئىش يلخشى ئەمەس، — دەيدۇ ئۇتۇق قازانغۇچىلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى يەكۈنلىگەن كارنېگ، — ئەگەر سىز تۇرمۇشىڭىزنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەي دېسىڭىز، روھىڭىزنى ئاشۇ 90 پىرسەنت ياخشى ئىش ئۈستىگە قويۇشىڭىز كېرەك؛ ئەگەر سىز غەم-ئەندىشە قىلاي ياكى ئاشقازان ياللۇغى كېسىلىگە گىرىپتار بولاي دېسىڭىز، ئۇ ھالدا زېھنىڭىزنى ئون پىرسەنت يامان ئىش ئۈستىگە قويسىڭىز بولىدۇ① .

راست، ئۇ ھەقىقەتەن توغرا ئېيتقان، «كەلگۈسى لاغىلاپ كېچىكىپ كېلىدۇ، ھازىر خۇددى ئاتقان ئوقتەك ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئۆتمۈش تۇرغان يېرىدە مەڭگۈ مىدىرلىمايدۇ»②. يەنە كېلىپ، بالا-قازا بۈگۈن بىزنىڭ ئالدىمىزدا يۈز بېرىدۇكى، ئەتىنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ! بىر ئادەم گەپتىن ھەرىكەتنى ئەلا بىلىدىغان، دېگەننى ئەمەلدە قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىش ھەرىكىتىدە ھايال بولمايلا ئۈنۈم بولىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، دېگەن ئىشنى ۋاقتىدا قىلىدىغانلارنى بارغانسېرى ھۆرمەتلەپ، ۋەدىسىدە تۇرمايدىغانلاردىن زېرىكىپ كېتىدىغاندىمىز؟ بۇمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان ئۈنۈمى ئېنىق بولىدىغان ئىش، ئۆتۈپ چىققۇچىلارنىڭ بىلىنمىگەن دۇنيادىن قورقماي يېڭى-يېڭى شەيئىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشى، ھەرقاچان كۆز ئالدىدىكى ۋاقىتنى قەدىرلىشى ئىنسان ھاياتىدىكى بىردىنبىر پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇش ئەمەسمۇ؟ قايسى دېلىغۇل، قايسى سۆرەمپىلاس ۋە ياكى ئۇلۇغ غايە ۋە ئارزۇلاردىن خالىي قايسى گەپتان ئۆزىگە ياكى باشقىلارغا ھوزۇر ئېلىپ كەلگەن دېيىسلەر؟ شۇنداقلا بۇنداقلارنىڭ جامائەتچىلىكتىكى ئورنىنى قانداقمۇ ئىش ھەرىكىتىكە ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرىدىغان، ئىشلارنى ئالدىغا سۈرۈپ قىلىدىغان، ھەتتا ئىشنى تالىشىپ قىلىپ باشقىلارنىڭ قولىنى سوۋۇتىدىغان چەبدەس ئادەملەرگە، راستچىل ئادەملەرگە، پىكىر قىلىـشقا پۇختا ئادەملەرگە سېلىشتۇرغىلى بولسۇن دېيىسلەر؟ ئىجادىيەتتە ئۆتۈپ چىقىدىغانلارنىڭ دائىم دەۋر تومۇرىنىڭ رىتىمى بىلەن ھەمنەپەس ھالدا خۇشال يۈرۈشى ئېھتىمال ئۇلارنىڭ ئىش ئەمگەكتىن خۇشاللىنىش، كۆز ئالدىدا ئەمەلىيەتكە ئايلانغان ئىجادىي پائالىيەتتىن بەخت ھېس قىلىش، يارى-بۇرادەرلىرىگە قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرىدىن راھەتلىنىش روھىنىڭ ئۈستۈنلۈكىدىن بولسا كېرەك. بىزمۇ مۇنداق راھەتلەرنى مەززە قىلساق بولمايدۇ؟ بۇ ئېھتىمال ئۆز تەبىئىتىمىزدىكى ساختىلىققا ئورۇنۇش ھاسىل قىلىدىغان جايلىرىمىزغا ئۆزىمىز قارشى تۇرغۇدەك غەيرەتكە كەلمىگىچە مۇمكىن بولمايدۇ. چۈنكى، جان باقارلىق ئۈچۈن يازىدىغان، شەرھلەيدىغان، ھەقىقىي باتۇرلارنىڭ ئالدىغا كىرىۋېلىش ئۈچۈن يۇقىرى تەبىقە ئادەملىرى ئالدىدا خۇشامەتكويلۇق قىلىدىغان، بىلەرمەنلىك بىلەن گەپدانلىق قىلىـدىغان ئادەملەر كۆپ، ئالدىمىزدىكى رېئاللىقتىن جامائەتنىڭ بەختىگە يول ئاچىدىغان ھەقىقەتلەر روھى دۇنيادا پاك ئادەملەردىن مەيدانغا كېلىدۇ.

① «جاھاندارچىلىق سەنئىتى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 49-بەت.
② شېللېر شۇنداق دېگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



روھنى پاكلىغاندىلا ئادەمدە ھەقىقەتكە تەلپۈنۈش كەيپىياتى ئۇرغۇيدۇ، ھەقىقەتكە تەلپۈنۈش كەيپىياتى ئۆرلىگەندىلا جاسارەتكە تولۇپ ئىجاد قىلغىلى، ئۆزى ئۆلسىمۇ، ئۆزىدىن كېيىن نامى ئۆلمەيدىغان بىر نەرسە قالدۇرۇشقا ئىمكانىيەت ياراتقىلى بولىدۇ. بۇ ھەقىقەت بىزگە ئۆزىمىزنىڭ شەخسىيەتنى ئۇچ ئالدۇرىدىغان ئاجىزلىقلىرىمىز ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، «باشقا ياخشى نام ئىزلىمە، شۇ يېتەر — سېنى ياخشى ئادەم دېسە ئەل ئەگەر»① دېگەن مەۋقەدە توختاشنى، مۇشۇ پەيتنىڭ ئۆزىنىلا كەلگۈسىدىن ئەزىزلەپ، ئىجادىي پائالىيەتكە قەدەم تاشلاش شەرتلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ، ئەلۋەتتە.

(6) مۇستەقىللىقنى قەدىرلەپ بېقىندىلىقنى رەت قىلىدۇ. بۇنداق ئىجادكارلار مۇستەقىللىقنى قەدىرلەيدۇ، بېقىندىلىقنىڭ ھەرقانداق خىلىدىن ئۆزىنى تارتىدۇ. كىتاب يېزىش، چوڭ پىلان-لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشلا ئەمەس، ھەتتا بىر قازان ئوماچ ئەتكەن تەقدىردىمۇ ئۆزىگە خاس ئۇسۇل بىلەن ئېتىدۇ، بۇنداق خۇسۇسىيەت ئېھتىمال سەنئەتكارلىقنىڭ بىر قانۇنىيىتى بولسا كېرەك. چۈنكى ئىجادىي پائالىيەت دېگەن ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ تاشقى دۇنياغا بولغان پوزىتسىيىسى ۋە قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىدىكى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان تەرەپلەر بىلەن ئۆسۈپ بارغانلىقتىن، ئادەم قانچە مۇستەقىل بولغانسېرى ئۇنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئۆزگىچە سەنئەتكارلىق، باشقىلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىش پاراستى، رېئال ھاياتلىق شارائىتلىرىدىن ئۈستۈنلۈككە ئىنتىلىش يولىدىكى ئىجادىيەت نىشانى ئۆسۈپ بارىدۇ؛ ئىجادىيەت يولىدىكى مۇشۇنداق مۇستەقىللىقنى ھاياتنىڭ ماھىيىتى دەپ قارىغاندا بولسا، ئۆزى تورۇۋاتقان دەۋردىن ھالقىغان پىكىرلەرنى قىلىشتىنمۇ يانمايدىغان باتۇرلۇققا، قەتئىيلىككە ھامىي بولىدۇ-دە، ئۇنىڭدا تاشقى كۈچلەردىن كەلگەن خىلمۇ خىل پايدىسىز ئامىللار ھەم توساقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتىش خاسلىقىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ بارىدۇ.

— خاسلىق ئىچىدە قەتئىي نىيەتتىنمۇ مۇھىم تەركىب بولماسلىقى مۇمكىن، — دەيدۇ روزۋېلت، — ئۇغۇل بالا ئۇلۇغزات بولىمەن دېسە ياكى كەلگۈسىدە ھەرقانداق جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتەلەيدىغانلاردىن بولىمەن دېسە، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، قاتمۇ قات توسقۇنلۇقلارنى تۆگىتىپلا قالماي، بەلكى يۈزلىگەن، مىڭلىغان ئۇڭۇشسىزلىقلار ۋە مەغلۇبىيەتتىن كېيىن غەلىبە قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك②.

روشەنكى، ئادەمدىكى مۇستەقىللىق ئادەمنى قەتئىي نىيەت بىلەن ئاجايىپ خاسلىققا ئېلىپ بارىدىغان ئىشەنچ، بۇنداق ئىشەنچ ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى بارلىق قۇۋۋىتىنى ئۆزگىچە ئۇسۇل بىلەن تورمۇشنىڭ سەنئەت بويۇملىرى قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا تېخىمۇ كەڭ ئىمكانىيەت بېرىدۇ. بولۇپمۇ «خاسلىققا ئىگە كىشىلەر خەتەرلىككە دۇچ كەلگەندىمۇ ئۆزىگە تايىنىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئىلھامىنى ھەرىكەتتە كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈچۈن جاۋابكار بولىدۇ، ئۇنى ئۆزىنىڭ... دەپ قارايدۇ، قىيىنچىلىق خاسلىققا ئىگە كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلاشقاندا، ئۇ ئۆزىنى چۈشىنىدۇ»③. دېمەك، مۇستەقىل خاسلىققا ئىگە ئادەملەر ھەرقاچان قىيىنچىلىقلاردا ئۆزىنى سىناپ كۆرۈپ، يېڭىلىدىغان تەرەپلىرىنى تولۇقلاپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ... بىلىشقۇچى سەنئەت ماتېرىيالىدۇر. توغرا، تاشقى ئىلھاملاندۇرۇشمۇ مۇھىم، ئەمما، يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىچكى قوزغىلىش بولمىغان، يەنى «تورمۇشتىكى سەنئەتكارلىقىم ھاياتىمنىڭ ماھىيىتى، شۇنداقلا ئەڭ يۇقىرى پەللىسى» دەيدىغان يەرگە كەلمىگەن ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئىنئام قىلىنغان ماددىي نەرسىلەر ھەم شەرەپلىك ناملار ئۇنى ئۇخلىتىپ قويىدىغان ئەللەي ناخشىسى بولۇپ قالىدۇ-دە، ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەتلەرنىڭ تورمۇشىمىزنى تېخىمۇ بەدىئىي تۈسكە كىرگۈزىدىغان تىنىقىنى بوغۇپ تاشلايدۇ.

تازا سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەندە، دۇنيادىكى ئۇلۇغلارمۇ ئەنە شۇنداق مۇستەقىللىقنى قەدىرلەيدىغان، ھەر ئىشنى ئۆزگىچە قىلىدىغان، ئىش قىلغاندىمۇ ئۆزىگە ئىشىنىپ قىلىدىغان خاسلىققا ئىگە ئادەملەردۇر. ھەرقانداق ئىجادىيەتمۇ ئالدى بىلەن بىر ئادەمنىڭ ئىجادىيىتىدۇر. بۇ خۇددى بەزىلەر بىزنىڭ فارابى، مەھمۇت، يۈسۈپ، نەۋائىيلىرىمىزنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەربىي ئاسىيادىكى تۇغقان مىللەتلەرگە ئورتاق دېسىمۇ، بۇلارنىڭ ئىجادىيىتى ئالدى بىلەن ئۇيغۇر خاسلىقىدىكى بىر ئۇيغۇرنىڭ ئىجادىيىتى بولۇپ، ئاندىن ئۇ تۇغقانلىرىمىزغا ئورتاق بولغانغا ئوخشاشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ ئۇلۇغلاردىكى خاسلىقنى ئۇلۇغلاش ھەممىمىزنىڭ ئىجادىيەت ئېتىزىدىن ھوسۇل ئېلىشىمىزدىكى شەرتتۇر. چۈنكى، بىز زۆرۈرىيىتى يوق چۈشكۈنلۈككە، ئۆزىمىزنىڭ پىكرىنى باشقىلارغا قول قىلىپ بەرگەن ياكى ئۆزىمىزنىڭ تەقدىرىنى

① شەيخ سەئدى: «گۈلىستان»دا شۇنداق دېگەن.
② «ئەقىل-پاراسەت خەزىنىسى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 13-بەت.
③ گوۋلىلبي: يۇقىرىقى كىتاب، 235-بەت.

باشقىلارغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ قول قوشتۇرۇپ تۇرىدىغان ئەگەشمىچىلىككە، ئۆزىمىزنىڭ ئىچكى دۇنيالىسىدىمۇ دۇنيانىڭ ئەۋلىيالىرىدەك ئەقىل-پاراسەت خەزىنىسى بارلىقىغا ئىشەنمەيدىغان، خاسلىقىمىزنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتەلمەيدىغان جىگەرسىزلىككە گىرىپتار بولغان چاغلىرىمىزدا ھېچنېمىدە غەلىبە قازىنالمىغان ئەمەسمۇ؟ تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كۆرمىلى، بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىزدە ئەنە شۇنداق مۇستەقىل خاسلىق، خاسلىقىمىزدىن ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان دەرىجىدە ئۇرغۇپ تۇرىدىغان غەيرەت بولمىغاندا تەكرار چۈشكۈنلىشىمىز ئەمەسمۇ؟ ئەتراپىمىزدىكى مەينەتچىلىككە قارشى ئۇتتۇرىغا چىقالمىساق، ئەخلاقىي جەھەتتە زەئىپلەرگە ئايلىنىپ، ئىجاد قىلىش تۈگۈل شۇ كەمگىچە ئۆزلىرىنى تەگرىنىڭ ئوغلى ھېسابلايدىغان ئارسلان بوۋىلىرىمىز ئىجاد قىلىپ يىلساپ قويغان تەققى-تۇرقىمىزنىمۇ ساقلاپ قالالمايمىز ئەمەسمۇ؟ بۇ بىزگە قانداق شارائىتتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى پەش قىلىپ تۇرۇۋېلىشتىن، قانداق پىكىر قىلىشنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى، دوراپچىلىق قىلىشتىن ئۆزگىچە پىكىر بىلەن ھەقىقىي ھۆرمىتىمىزگە لايىق ئىجاد قىلىشقا ئۆتۈشىمىزنىڭ ئۇمىدلىك يول ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرمەمدۇ؟

توغرا، ئۇلار مۇستەقىللىقنى قەدىرلىگەندە مېھرىبانلىرىنى ئۇنتۇمايدۇ، ئائىلىسىنى قىزغىن سۆيىدۇ، ئەمما، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدىلا مۇستەقىللىق روھىنى تورمۇشتا باشقىلارغا يۆلىنىۋېلىشتىن قىممەتلىك دەپ بىلىدۇ. ئەمما ئۇلاردا شۇنداق قەدىرلىك بىر يەر باركى، ئۇلار ئىجادىيەتتە شۇنداق مۇستەقىل بولغان بىلەن ئۇلار يەنە دوستلۇقنى قەدىرلىگەچكە، ئۆزى بىلەن تەڭلا باشقىلارنىڭ ئەركىنى، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەت قىلغان ئادەمنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتۇشىنى قەدىرلەپ، ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىنى ئۇلارغا تاڭمايدۇ. بولۇپمۇ كىشىلەرنىڭ شەخسىيىتىگە، مەخپىيىتىگە ياتىدىغان نەرسىلەرگە قەتئىي ئارىلاشمايدۇ، ئۆزىنىڭ كىشىگە ئېيتىشقا بولمايدىغان مەخپىيەتلىكىنى سورىغۇچىلارغىمۇ «سەنمۇ تايىنلىق ئىكەنسەن» دەپ قويىدۇ. ناۋادا بەزىلەر ئۆزىگە بېقىنماقچى بولسا، ئۇلارنىڭ بېقىنىشىنى ئىككىلەنمەي رەت قىلىدۇ. چۈنكى بېقىنىش ھەم بېقىندۇرۇش دېگەن ئىنساننىڭ ئەركىنلىك روھىغا زىيان كەلتۈرىدۇ. ئۇلار دوستلىرىنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا تاللاش ئېلىپ بارالايدىغان، مۇستەقىل ياشىيالايدىغان مۇستەقىللىقى كۈچلۈك ئادەملەردىن بولۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى بىز ئىجادىيەتتە قەتئىي ئىككىلەنمەيدىغان مۇستەقىلچى، خاسلىقنى قەدىرلىگۈچى دەپ بىلسەك، مۇناسىۋەتتە ئىنسانىيەتكە، خەلققە، يارى-بۇرادەرلىرىگە چىن مۇھەببەت قىلغۇچى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ئۇلارنىڭ نىسپىي مۇستەقىل خاسلىقىنى قەدىرلىگۈچى دەپ بىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، كۆڭلىمىزنى چوڭقۇر بېرىدە: «ھەسەتخورلۇق — نادانلىقتىن، دوراپچىلىق — ئۆزىنى خاراپ قىلىشتىنلا ئىبارەت؛ ھەربىر كىشىنىڭ ياخشىلىقى ۋە يامانلىقى شۇ كىشىنىڭ جىسمىنىڭ بىر قىسمى؛ جاھاندا ياخشى نەرسىلەر تولۇپ ياتقان تەقدىردىمۇ، تىرىشمىساڭ ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسەن، سېنىڭ ئۆزۈڭدىكى كۈچۈڭ تەگداشسىز، ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئىش قىلالايدىغانلىقىڭ پەقەت ئۆزۈڭگىلا ئايان، لېكىن سەن راستىنلا قىلىپ كۆرمىسەڭ، ئۆزۈڭنىڭ راستتىن نېمە ئىش قىلالايدىغانلىقىڭنى ھەتتا ئۆزۈڭمۇ بىلمەي قالىسەن»[①] . دېگەننى زىكرى قىلىدۇ.

(7) ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇشنى تالانتقا يۈزلىنىش قىلىشنىڭ دەسمايىسى قىلىدۇ. بۇنداق ئىجادكارلار كونا قائىدىلەرگە بېتىشۋالماي، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق تۇرمۇشنى يېڭىلاش كويىدا بولىدۇ. ئەمما، ئېسىل ئەنئەنىلەرگە ئىسىيلىق قىلماستىن، زامان ئېتىبارى ئۆزىنىڭ تاللىشىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بىر ئادەم يېڭى بىر نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھە دېسىلا ئۆتمۈشنىڭ نەھرى-مۇنكىرلىرى بىلەن بەنت بولۇپ كەتمەسلىكى، يېمەك-ئىچمەك بىلەنلا كۆڭلىنى خۇش قىلىدىغان ئەخمەقلەر ئارىلاشقان سورۇنلاردا تولىدىن-تولا ئولتۇرۇپ كەتمەسلىكى، بېقىنچىلىقنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلماسلىقى، ئۆزى ئۈچۈن سەگەك ۋە ئۇنۇملۇك ياشاشنىڭ مىزاننى بەلگىلەپ، تالانت ئارتۇقچىلىقىنى جەمئىيەتكە قانداق تۈردە ئۇيغۇنلۇق تەقدىم قىلىشنىڭ ئېپىنى تېپىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ.

راست، ئادەم دېگەن بۇ دۇنياغا تۇغۇلۇشىنىڭ ئۆزىدىلا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان مۇستەقىل، يېگانە بىر دۇنيا بولىدۇ. ئۇنىڭدا ھەرقاچان باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بىر تالانت خاسلىقى يوشۇرۇنىدۇ. بۇنداق يوشۇرۇنلۇق ئۇنى باشقا ئادەمگە زادىلا ئوخشىمايدىغان ئارتۇقچىلىق ياكى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىدۇ. ئۇ پەقەت مۇشۇ ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن كونىرىغان قائىدىلەردىن ھالقىپ تۇرۇپ يېڭى ئىش قىلغاندا، ھەتتا ئۆزىدىكى بۇنداق ئۈستۈنلۈكنى

[①]

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى www.uyghurkitap.com



تازا جۇلالىنىپ باشقىلارنىڭ زوقىنى تارتقۇدەك دەرىجىگە يەتكۈزگەندە ئاندىن ئۇ ئادەم ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، يەنە كېلىپ ئۆزى ياشاۋاتقان زامان، ماكانىنىڭ ئەتىۋارلىق ئادىمى ئىكەنلىكىنى تونۇتالايدۇ. ئادەم دېگەندە ئەنە شۇنداق ئۆزىگە تايىنىش، ئۆزىدىكى يېڭىلىقنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ كارامەت كۆرسىتىش روھى بولۇش كېرەك. مۇشۇنداق روھ ياكى ئىشەنچ بولغاندا، ئۇ ئادەم باشقىلارنى دوراپلا يۈرۈشتىن نومۇس قىلىدىغان، باشقىلار قىلىۋاتقان ئىشنى دوراپ بولالمىغانلىقى ئۈچۈن «ئەجەبمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ بولالمىدىم» دەپ ھەسەت قىلىشنى چۈپەيلىك ھېسابلايدىغان، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن ئاچىدىغان ھەقىقىي ھايات ئىرىكىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇلۇغ نەتىجە يارىتالمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىكى يېڭىلىق، ئۆزگىچىلىك، ئارتۇقچىلىق بارغانسېرى ئۆسۈپ بېرىپ، باشقىلارنىڭ ئالدىدا «كۆرسەتمىسەڭ ياڭزاڭنى، تاشلاپ بېرىمەن جاڭزاڭنى» دەيدىغان يەرگە بېرىپ قالمايدۇ-دە، جامائەت ئىچىدە ھۆرمەتتىن قالمايدۇ.

بۇ بىزنىڭ بىردەملىك ھاياجان ياكى سۇبيېكتىپ ئارزۇيىمىز بىلەنلا ئېيتىلىۋاتقان سۆز ئەمەس، دۇنيادىكى ناھايىتى كۆپ مۇتەپەككۇر، پسىخولوگلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدىن ئېلىنغان ئەقلىدۇر. شۇڭا، ھەرقانداق ئادەمگە ئۆزىنى باشقىلارنىڭ غىلىپىغا سېلىش ھاجەت بولمايدۇ. ئامېرىكىنىڭ كاتتا پەيلاسوپ ھەم پسىخولوگى ۋىلىيام جېمس مۇنداق دېگەن: كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ئەقلىي قابىلىيىتىنىڭ ئون پىرسەنتىنىلا ئىشلىتىۋاتىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئاساسەن، كىشىلەر تېخى ئۆزىنى بايقىمىدى، دېسەك قىلچىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايمىز. «بىز ئۆزىمىزدە ھازىرلىغان ماھىيەتكە سېلىشتۇرغاندا» دەپ يازىدۇ جېمس، — «بىز تېخى يېرىم ئويغاق، خالاس. بىز ۋۇجۇدىمىزدىكى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئازغىنە بايلىقنىلا پايدىلىنىۋاتىمىز، ئېچىلمىغان بايلىقىمىز تېخى ناھايىتى كۆپ، بىز نۇرغۇن ئىقتىدارىمىزنى كۆڭگەن ئادىتىمىز بويىچە خاراب قىلىۋاتىمىز»①.

دانىشمەن كارنېگ بۇ سۆزنى ئۆزىنىڭ «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دېگەن كىتابىغا نەقىل قىلىپ ئېلىش بىلەن بىر چاغدا، ئۇنى تېخىمۇ قۇۋۋەتلەپ مۇنداق دېگەن: «سىزمۇ، مەنمۇ مۇشۇنداق يوشۇرۇن ئىقتىدارغا ئىگە، شۇڭا مەن باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئوخشايمەن دەپ قايغۇرۇپ ۋاقتىڭىزنى زايە قىلىشنىڭ ئورنى يوق. سىز بۇ دۇنيادا پۈتۈنلەي يېپيېڭى، ئالدىڭىزدا قەدىمكىلەر يوق، كەينىڭىزدىمۇ كېيىنكىلەر يوق. ئىرسىيەت ئىلمى ئالىملىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، سىز 48 بويالغۇچى تەنچىنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىشىنىڭ نەتىجىسى، ئۇنىڭ يىگىرمە تۆتى دادىڭىزدىن، يىگىرمە تۆتى ئانىڭىزدىن كەلگەن، ئامرام شېينفىلدىنىڭ گېپىچە بولغاندا، «ھەربىر بويالغۇچى تەنچە ئىچىدە يۈزلىگەن ئىرسىيەت گېنى بولىدۇ، ھەربىر گېن سىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىڭىزنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ». شۇڭا، بىز ھەقىقەتەن «ئەقلىگە سىغمايدىغان، ئىنتايىن ئاجايىپ» بىر بىرىكمە ھېسابلىنىمىز.

سىزنىڭ ئاتا-ئانىڭىزنىڭ بويالغۇچى تەنچىسىنىڭ بىرىكمىسىدىن سىزنىڭ بۈگۈنكى قىياپىتىڭىزنىڭ ھاسىل بولۇش ئېھتىماللىقى 30 مىليوندىن بىر بولىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ناۋادا سىزنىڭ 30 مىليون ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭلىڭىز بولغان تەقدىردىمۇ ئۇلارنىڭ سىزگە ئوخشىشىدىغان يېرى بولىدۇ-يۇ، سىز يەنىلا جاھاندا بىرلا تەڭداشسىز بولىسىز. بۇ قۇرۇقتىن-قۇرۇق قىلىنغان پەرەز ئەمەس، بەلكى ئىلمىي ئاساسقا ئىگە گەپ. ئەگەر سىز قىزىقسىڭىز، شامفېلد يازغان «سىز ۋە ئىرسىيەت» دېگەن كىتابنى ئوقۇپ چىقسىڭىز بولىدۇ»②.

دېمەك، «مەغلۇبىيەت بىلەن مۇۋەپپەقىيەتنى بەلگىلەيدىغىنى سېنىڭ چوڭ كىچىكلىكىڭ ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ئەڭ ياخشى سەن بولۇشۇڭدۇر»③.

راست، بىزدە جامائىتىمىزنى ئۇلۇغلاپ تالانت ئالاھىدىلىكىگە سەل قاراش ئىدىيىسى ئېغىرلاپ كەتمەسلىكى كېرەك. بولۇپمۇ XIII ئەسىر ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى بىلىش ئەسرى بولدى، بىز XXI ئەسىرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپمۇ يەنىلا ئۇلاش-چولاش كەتمەن بىلەن ئۆستەڭ چېپىشقا ئوخشاش ئەنئەنىدە تۇرۇپ، ئارىمىزدىن ئالاھىدە تالانتلارنىڭ بىلىش كۆتۈرۈلۈشىدە زۆرۈر بولغان ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمىسەك بولمايدۇ. ئەگەر بۇنداق ئەنئەنە داۋاملىشىۋەرسە ۋە ئۇنىڭغا زامانىۋى تالانت قارىشى بىلەن ئىسلاھات يۈرگۈزۈلمىسە، بۇنداق ئەنئەنە بارغانسېرى چېكىنىپ ئەخمەقلىشىش تەرىپىگە كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. بىلىش كېرەككى، ساغلام، بۈيۈك مەنىۋى تەرەققىيات ھەرقاچان

① «جاھاندارچىلىق سەنئىتى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 10-بەت.
② يۇقىرىقى كىتاب، 13-بەت.
③ «ئەقىل-پاراسەت خەزىنىسى»، 243-بەت.

دەۋر روھىنى ۋە كەلگۈسى تەرەققىياتقا ئۇيغۇن كېنەللىق ئېگى (ئالاھىدە تالانتلىق ئادەملەرنى مەيدانغا چىقىرىش ئېگى) نى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. كېنەل ئادەملەر دېگىنىمىز ھەرىكەت ھالىتىدىن ئېيتقاندا، ئۆزىدىكى باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يېڭىلىقنى، ئارتۇقچىلىقنى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئوتتۇرىغا ئاتقۇچى، قەلبىدىكى يوشۇرۇن قۇدرەتنى زاماننىڭ مەنىۋى چېلىشچىلىرىدىن ھالقىتىپ چارىستاندا كۆرسەتكۈچىدۇر. توغرا، سەنئەتكارلىق قوغلاشقۇچىنىڭ ھەممىسى بۇنداق ئالاھىدە تالانت ياكى كېنەل بولۇپ كېتەلمەيدۇ. ئەمما، ئۆز ئارتۇقچىلىقىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، شۇ ئۇلۇغلارغا يېتىۋېلىش جاسارىتىنىڭ بولماسلىقى ھاياتىمىزنىڭ خاتىرىسىنى خۇنۈكلەشتۈرىدۇ.

زامانىمىزنىڭ داڭلىق چولپانلىرىدىن ھېنرى فورد ئۆز ھاياتىنىڭ، شىركىتىنىڭ ۋە باشقا ئالىملارنىڭ كېنەللىققا يېقىنلاشقان تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق كېنەللىققا يېقىنلاش ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان كۆز قاراش ئۇتۇق قازانغۇچىلارنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

«فورد ئاپتوموبىل شىركىتىدە ئىشلەنگەن ئاپتوموبىللارنىڭ ھەممىسى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئەمما ئىككى ئادەم بىر-بىرىگە تامامەن ئوخشاشمايدۇ. يېڭىدىن تۆرەلگەن ھاياتلىقنىڭ ھەممىسى قۇيلاش ئاستىدىكى يېڭى شەيئى؛ ئۇنىڭغا ئوخشىشىدىغان نەرسە ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ بولمايدۇ. ياشلاردا ئۆزىگە قارىتا مۇشۇنداق تونۇش بولۇشى كېرەك، ئۆزىدىكى باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە خۇسۇسىيەت ئۇچقۇنلىرىنى تېپىشى ھەمدە ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك. جەمئىيەت بىلەن مەكتەپمۇ بىر ئامال قىلىپ سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزنى چىنىقتۇرۇپ چىقىشى مۇمكىن؛ ئۇلار بىزنى پۈتۈنلەي ئوخشاش بىر مودېلغا سالماقچى بولسىمۇ، ئەمما بىز ئاشۇ ئۇچقۇندىن ھەرگىز ئايرىلىپ قالماسلىقىمىز لازىم؛ سىزنىڭ بىردىنبىر، ھەقىقىي مۇھىم بىرىڭ ئەنە شۇ»①.

(8) ئۆزىنى ۋە تەبىئەتنى ئەينەن قوبۇل قىلىدۇ. بۇنداق ئىجادكارلار ھېچقانداق ئىككىلەنمەستىن، ئۆزىنى ۋە تەبىئەتنى قانداق بولسا بۇ پېتىچە قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا، سىز ئۇلارنى كۆرگەندە، ئۇلارنىڭ خۇددى ئۆزىنى تەبىئىي قوبۇل قىلغاندەك تەبىئەتنىمۇ ئەينەن قوبۇل قىلالىغانلىقىنى، كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرىۋاتقان تەبىئەتنىڭ تېخىمۇ گۈزەل بولمىغانلىقىدىن ۋايسىماي، ئۇنىڭدىكى ئىسسىق-سوغۇق، شامال، يامغۇر، قار، تاغ، باغ... لارنىڭ ھەممىسىگە توغرا مۇئامىلە قىلىپ، ھېچقانداق سىپاكەرلىك ياكى ساختىلىقتىن خالىي ھالدا ئاقىلانە تۇرىۋاتقانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقلار تۈپەيلى ھولۇقماي، كەمچىلىكلەر تۈپەيلى مەيۈسلەنمەي، ئۆزىنى كەمسىتىش ۋە خام خىياللارغا ئۆزىنى قول قىلىپ تۇتۇپ بېرىشتىن خالىي ھالدا يېڭ تۇرۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئادەملىكىنى ۋە ئادەم دېگەننىڭ بىر جەھەتتە كامىل بولسا، يەنە بىر تەرەپتە كەمچىل بولىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئۆزىنىڭ بويى ئېگىز ياكى پاكار، تېرىسى ئاق ياكى سېرىق، تەقى-تۇرقى ئۇنداق ياكى مۇنداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئۆزلىرىنى تەبىئەتنىڭ بالىسى سۈپىتىدە شۇنداق تەبىئىي قوبۇل قىلىدۇكى، ھەرگىز سىرتىڭ قىزلاردەك ياسانچۇقلۇق قىلغۇسى كېلىپ ئۆكۈنۈپ يۈرمەيدۇ. سەۋەب شۇكى، ئۇلار ئاددىيلىق دېگەننىڭ ھەممە ئادەمگە تەقدىر ئىكەنلىكىنى ۋە تالانتلارنىڭ شۇ ئاددىي ئادەملەردىن كىرزى كەلگەندە پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، تېگىشلىك شەرتلەرنى ئورۇنداپ چىقىدىغانلىقىنى چۈشىنىدىغان ئادەملەر بولغاچقا، ئۆزىنىڭ تەن تۈزۈلۈشى جەھەتتىكى كەم جايلىرىدىن مەيۈسلەنگەندىن كۆرە، ئۆزىنىڭ كۈچىگە ئىشىنىدۇ ۋە قەتئىيەتلىكتىن ئىبارەت ئەقلىنىڭ جاسارىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆتمۈشىنىڭ ئۆزىدە قالدۇرغان ناچار ساقىندىلىرىنى تۈگىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. بۇ كۈرەشكە ئۇلار شۇنداق ۋىجدانەن مۇئامىلىدە بولىدۇكى، كىشىلەر تېخىچە بىلمەيدىغان كەمچىل جايلىرى ئۈستىدىن قازانغان كىچىككىنە بىر غەلىبىسىنىمۇ «مەن دېگەن ئادەم، ئادەم دېگەن بىردىنبىر ئۈياتچان مەخلۇق، مەن ئۆزۈمنى ئۇياتتا قالدۇرىدىغان بىر كەمچىلىكىمنى تۈزەتكەن ئىكەنمەن، بۇ ماڭا يېڭىدىن قوشۇلغان بىر كۈچ» دەپ تەبرىكلەيدۇ، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدە مەندە مېنى ئارقىدا قالدۇرۇۋاتقان يەنە قانداق كەم جايلار بار؟ بارغانسېرى روھىمنى پاكلاپ، ئىرادەمنى چىڭىتىپ ماڭمىسام بولمايدۇ، مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ كەتكەن ئادەملەرمۇ شۇنداق قىلغان ئەمەسمۇ؟ «داڭلىق چېلىشچىلار ئۆز بەدىنىنى چىنىقتۇرۇش ئارقىلىق كۈچلۈك بولغان، داڭلىق ئالىملار زېھنىي ئۈستۈنلۈك ئىلىسىدا تىرىشىپ ئالاھىدە تالانتلىق بولغانىكەن، مەنمۇ ئۆزۈمدىكى ئىرادە سۇسلۇقنىڭ بەلگىلىرى بولغان قىيىنچىلىقلاردىن قورقۇش، ئىش-ھەرىكەتنى باشلاشتىن بۇرۇن ئىنجىقلىق قىلىش،

---

① يۇقىرىقى كىتاب، 243-بەت.

راھەتكە چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن تېرىكىش؛ بىلىم ئېگىلەش ياكى يېڭى ئۆتكەللەرگە بۆسۈپ كىرىشتە ئىرىنچەكلىك قىلىش، ئىش ئۈستىدە يېرىم يولدا بوشىشىپ كېتىش، غايىگە يېتىش يولىدىكى زۆرۈر مۇناسىۋەتلەردە پەۋقۇلئاددە نازۇكلۇق قىلىپ ئىلدام ئىلگىرىلىمەسلىك... قاتارلىق ئىللەتلىرىمنى بېكىتىش ئارقىسىدا مۇھىم ئىشلار ئۈستىدە ئۆزۈمگە ئۆزۈم خوجايىنلىق قىلالايدىغان، ماڭا شەخسىي پايدا بەرمىسىمۇ جەمئىيەت ئۈچۈن ئورۇندىلىشى زۆرۈر بولغان ئىشلارغا ئۆزۈمنى مەجبۇر قىلالايدىغان كامىل ئىنسان بولۇش ئارقىلىق، تەن تۈزۈلۈشى ۋە باشقا جەھەتلەردىكى كەمچىل جايلىرىمنى تولۇقلاپ كېتىشىم كېرەك. بۇ چاغدا ماڭا قاراپ كۈلگەنلەر ئالتە كۈنلۈك يەردە ئارقىدا قالىدۇ ئەمەسمۇ؟» دېگەنلەرنى دائىم زىكرى قىلىپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار ئۆز خاسلىقى ئاساسىدا يەنە پۈتكۈل تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە مىڭلاپ كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى قەلبىگە سىغدۇرالايدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەلبى گويا تۇرمۇشنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇخچۇۋاتقان دەريا سۈيىگە ياكى ئادەم گۈزەللىكىنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان گۈللەر ئۈنۈپ چىقىدىغان مۇنبەت زېمىنگە ئوخشايدۇ.

راست، ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرىدىغان خاسلىق گۈزەللىكى ھەرگىز ئال چۈشكەن ئېتىزلاردەك مەنىۋى جەھەتتە گادايلاشقان قەلب ياكى ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەت ھەم تۇرمۇش شارائىتلىرىدىكى تەبىئىيلىككە قارشى مۇشت ئاتىدىغان تەرسالىق بىلەن ئۆسمەيدۇ، بەلكى شۇ تۇرمۇش شارائىتلىرىدىكى چىنلىق، ياخشىلىققا ياتىدىغان بارلىق گۈزەللىكلەرنى ئۆزىگە ئۆگىنىش ئۆلگىسى قىلغان ئويغاق قەلبنىڭ ئاجايىپ، ئەگرى-توقاي نەرسىلەرنى ھەيۋەت زامانىۋى كۆچكە ئايلاندۇرۇش غەيرىتى بىلەن ئۆسىدۇ. يەنە كېلىپ ھەقىقىي ئادەمنىڭ بۇنداق خاسلىقى ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكنىڭ ئاخىرقى چېكى بولمايدۇ، بەلكى ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ئۈزلۈكسىز ئىجادىيەت ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز ئۆرلەش جەريانى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ خاسلىقى تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئادەملەر ئارىسىدىكى تۈرلۈك تۈمەن شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەتچان تەرەققىيات ھالىتىدىكى، ئۆزىدىكى چەكسىزلىككە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان مەڭگۈلۈك مەۋجۇدىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

(9) تۇرمۇشنى تەبىئىي ئۆتكۈزىدۇ. بۇنداق ئىجادكارلار، ئالدى بىلەن كىچىككىنە كېسەل بىلەن مەيۈسلىنىپ، ئازغىنە قىيىنچىلىققا ۋايسىلاپ يۈرمەيدۇ. شۇڭا، ئۇلارنى كۆرگەندە قارايدىغان بولسىڭىز، ئۇلارنىڭ تېخى يېقىندا ئۇچرىغان ۋە سىزمۇ بىلىدىغان ئوڭۇشسىزلىقلار ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك، كۆز ئالدىدىكى قىيىنچىلىق ۋە توسالغۇلارمۇ ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمىگەندەك بىمالال تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. چۈنكى ئۇلار تۇرمۇشنىڭ تەبىئىي تەرتىپى بويىچە ئۆزىنى ئىسرايدۇ، ئوبدان يەيدۇ، ياخشى ئۇخلايدۇ، ھەرقاچان تەنھەرىكەت بىلەن چېنىقىپ تۇرىدۇ، ئەمما، ئۇلار بەختنى جاڭگالدىكى ياۋايىلار يەم قوغلاپ يۈرگەندەك ئەسەبىيلەرچە قوغلاپ يۈرمەيدۇ. بولۇپ بولغان ۋە بولغۇسى مۇقەررەر ئىشلار ئۈستىدە بەخت گۈلىنى ئۈزەلمىسە ۋە ئۈزەلمەسلىككە كۆزى يەتسە، بۇلارنى دەپ روھىنى چۈشۈرۈپ مۇكچىيىپ يۈرۈشنى تۇرمۇشنىڭ تەرتىپىنى بۇزۇش دەپ بىلىدۇ. خۇشال يۈرۈش-تۇرۇش ئادىتىنى تاشقى مۇھىتلارغا ئاكتىپ پوزىتسىيە قوللىنىش يولى بىلەن ئۆزىنى ھەم ئۆزگىلەرنى ئەتىۋارلايدىغان، ھەر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا كۆڭۈلنى خۇش قىلىپ، تۇرمۇشتىكى نورمال خۇشاللىقنىمۇ يىراقتىن ئىزدەيدىغان ئەخمەقلىقتىن قۇتۇلىدىغان، ساغلاملىق ۋە خۇش خۇيلۇقتىن ئىبارەت خۇشاللىق ماكانىنى قوغدايدىغان تۇرمۇش تېخنىكىسى ۋە تۇرمۇش سەنئىتى دەپ بىلىدۇ. ئۇلار مانا مۇشۇنداق پوزىتسىيە بىلەن ئاكتىپ ياشاش يولىدا ئىنسانلىق شەرىپىنى يەرگە ئۇرىدىغان ھەرقانداق ئەخمەقلىق ۋە پەسلىكنى ئىلىم-پەن ئارقىلىق سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. ھاياتلىق ماھارىتىنى قەدەممۇ قەدەم ئاشۇرۇپ بارىدۇ: كىرىمى ئاز، ماددىي مەنپەئەتى يوق دېيەرلىك بىر جاپاكەش ھۈنەرۋەن بولسا، ئىلگىرىلەپ ئۆز ئالدىغا زاۋۇت قۇرۇش دەرىجىسىگە يېتىدۇ ۋە ماددىي مەنپەئەتنىمۇ ئۆز يولى بىلەن قولغا كىرگۈزىدۇ. بۇ ھەرقانداق ئاددىي ئەمگەكچى ئۆزىنى سىلىشتۇرۇپ كۆرۈپ بېقىشقا تېگىشلىك تۇرمۇش تېخنىكىسىدۇر. ناۋادا ئۇ بىر ئەقلىي ئەمگەكچى بولسا، ھەربىر ئادەمنىڭ ئانا ۋەتەنگە ھېچقانداق بايلىق بىلەن قايتۇرۇپ بولالمايدىغان قەرزدارچىلىقى بولغان ھەقىقەت يولىدا بىلىم ئۆگىنىش، بىلىمنى خەلق يولىدا توغرا ئىشلىتىش تارازىسىنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، ئەتراپىدا بولۇۋاتقان ئىشلار ھەم ئىلمىي تەڭلىكلەرنى ئاشۇ روھ بويىچە توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇتۇققا يېتىپ بارىدۇ-دە، مەنىۋى ئىشلەپچىقارغۇچىلاردا ئورتاق بولىدىغان كەمبەغەلچىلىكنى چۆرۈۋېتەلمىسىمۇ، مەنىۋى دۇنيادا ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدۇ. بۇنداق تەسەللىي دىندا، سىياسىي غايىلەردە ئېيتىلىدىغان ئابستراكتلىق ياكى پەلسەپەدە ئېيتىلىدىغان مەۋھۇملۇق ھالىتىدە بولماستىن، كونكرېت پاكىت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئېدىسوننىڭ ئېلېكتر تەتقىقاتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ دۇنياغا تونۇلۇپ كېتىشى ۋە مىڭلاپ يازغۇچى، ئالىملارنىڭ ئاشۇنداق نەتىجىلەر بىلەن خەلقى ئالەمنى تەسلىم

ئەيلىتىشى ئەنە شۇنداق مەنىۋى دۇنيادا ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدىغان سەنئەتكارلىق بولۇپ، بۇمۇ ھەرقانداق بىر ئاددىي ئەقلىي ئەمگەكچى ئۆزىنى سېلىشتۇرۇپ بېقىشقا تېگىشلىك تۇرمۇش سەنئىتىدۇر.

ئادىن قالسا، ئۇلار تۇرمۇشنىڭ تەبىئىيلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن سەمىمىي، سادىق كېلىدۇ. سەمىمىي دېگەندە، ئۇلار:

«بىراۋ قىلسا ئادەت راستلىقنى مۇبادا،
كېرەك يوق، بىرەر سۆزنى قىلسا خاتا.
ئەگەر نام چىقارسا يالغانچى دېگەن،
كېيىن قالسا راست سۆز، ئىشەنچ يوق ئاڭا»①.

دېگەن ئەقىدىدە بولىدۇ. گەپ بولسا دۇدۇقلىماي، ئوچۇقلا دېيىدۇ، ھەرگىز ئادەم ئالدىمايدۇ. يالغان گەپ قىلىشنى، رىيائىلىقنى بۇرمىلاش، باشقىلارنى ئالداش، ئاخىرىدا ئۆزىنى ئالداش دەپ بىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن يالغان سۆزلەرنى دۇدۇقلاپ قىلىپ پايدا ئالغاندىن، راست گەپنى ئەركىن سۆزلەپ، باشقىلارغا سەمىمىي ياردەم قىلىش ئارقىلىق ئۆزىگە خۇشاللىق ۋە ھۇزۇر بېغىشلاش كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق تۇرمۇش قارىشى تۇرمۇشتا ياخشىلىقنىڭ قىلسا تۈگىمەيدىغانلىقى ۋە ياخشىلىقنىڭ ھەرقانداقىدا ياخشىلىقنى قىلغۇچىغا خۇشاللىق بېغىشلاش قۇدرىتى بارلىقىدىن ئىبارەت تەبىئىيلىكنى ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاشۇ روھتا تۇرۇشى ۋە تەشەببۇس قىلىشى ئىنسانىيەتتە سەمىمىيلىك ۋە ئۇنىڭ ئەركىن بالىسى خۇشاللىقنى ئەزەلدىن دەرياغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئاساسىدۇر.

— بىر ئادەم، — دېيىدۇ ئالىم ھېلېن كېلىر، — ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن بىر ئېغىز ئىلھام بېرىدىغان سۆز قىلسا، كىشىگە ئىلھام بېرىپ مېيىغىدا كۈلسە ياكى خەقنىڭ يولىدىكى ئېگىز-پەس يەرنى تۈزلىۋەتسە، ئۇنىڭ ئۆزى سەزگەن خۇشاللىق ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ ئەڭ يېقىملىق بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئۇ چۈشىنىۋالىدۇ، ئۇ چوقۇم شۇنىڭغا تايىنىپ ياشىشى كېرەك. بىر مەھەل يوقىتىشقا بولمايدىغان تۇسالغۇدىن ئۆتۈپ كەتكەندە ھەممە بۇ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ چېگرىسىنى تېخىمۇ يىراقتىكى خۇشاللىققا سۈرگەندە، ئۇنىڭغا بېتىدىغان قانداق خۇشاللىق بولسۇن؟ خۇشاللىققا تەلپۈنگۈچىلەر جىمجىت ھالدا قىسقىغىنە بىر مىنۇت توختىۋالسا ھەممە ئويلاپ كۆرسە، شۇنى سېزىۋالالايدۇكى، ئۇلار ھەقىقىي چۈشەنگەن خۇشاللىق خۇددى پۈتىنىڭ قېشىدا تۇرغان ئوت-چۆپكە ياكى سەھەردە گۈلگە چۈشكەن شەبنەم تامچىلىرىدەك بولۇپ، ئۇنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ②.

بىز بۇ ئالىمنىڭ سەمىمىيەت ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىشنى ھايات تايانچىسى قىلىش ھەققىدىكى تەشەببۇسىدىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ، دىنىي ئىدىيىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەقىدىسىگە قارايدىغان بولساقمۇ، ئوتتۇق قازانغۇچىلارنىڭ يالغانچىلىقنى تۈزىتىپ ياخشىلىق قىلىش ئىدىيىسى پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىن ئېلىنغان ئىلمىي خۇلاسە بولۇپ، بىزنىڭ مەڭگۇ ھەرىكەت قىلىشىمىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىدىيە ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشىنىمىز. مۇسا ئەلەيھىسسالام قارۇنغا نەسىھەت قىلىپ: «ئاللا ساڭا ئېھسان قىلغاندەك، سەنمۇ كىشىلەرگە ئېھسان قىل!»③، «ياخشىلىق قىل، ئەمما مىننەت قىلما، چۈنكى پايدىسى ئۆزۈڭگە قايتىدۇ»④ دېگەن.

سەئدى بۇ ئىككى نەقىلنى بايان قىلىپ بولۇپ، مال-دۇنياسىنىڭ كۆپلۈكى ۋە پېخسىقلىقى بىلەن نامى چىققان باي قارۇننىڭ كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلمىغانلىقى تۈپەيلى ئاخىرى بېرىپ بېشىنى يېگەنلىكىنى ۋە سېخىيلىق بىلەن ياخشىلىق قىلغانلارنىڭ تېخىمۇ بەختلىك بولغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ ھەقىقەت سەمىمىيلىكنىڭ مەيلى پەن ياكى دىن جەھەتتىن بولسۇن، كىشىنى ئىجادىيەتتە ئوتتۇرىغا ئېلىپ بارىدىغان بىر پىسخىك ھەم ئەمەلىيەت جەريانى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھدۇر.

سادىق دېگەندە، ئۇلار ئەزەلدىن يالغان سۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى پەردە ئاستىغا ئالمايدۇ. چۈنكى ئۇلار ئىچكى تەنقىد بىلەن ئۆزىنى تۈزىتىشنىڭ ئادەمنىڭ كامىل ئىنسان بولۇشىدا تەپەككۇر ۋە جاسارەتنىڭ مۇھىملىقىغا قول قويغان ئادەملەردۇر. ئۇلار مۇشۇ ئەقىدىسى بويىچە ساداقەتلىك ئۈچۈن راست گەپ قىلىشنىڭ ئاۋانگارتى بولۇپ،

---

① شەيخ سەئدى: «گۈلىستان»دىن ئېلىندى.
② «ئەقىل-پاراسەت خەزىنىسى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 135-بەت.
③ شەيخ سەئدى: «گۈلىستان»، 274-، 275-بەتلەر.
④

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتىمۇ «ئوغۇل تۇغسا ئۆزىدىن، قىز تۇغسا باشقىدىن» كۆرمەيدۇ. بولۇپمۇ ئۆزى يامان كۈنگە قالغاندا، پۈكۈنى-پۇستانلار مىنى مۇشۇ هالدا كەلتۈرۈپ قويدى دەپ ئورۇنسىز غۇدۇڭشىماستىن، «بېشىمغا ھەر بالا كەلسە ئۆزۈمنىڭ شورى دەيمەن» دېگەندەك مەردلەر ناخشىسىنى ئېيتىپ، باشقىلارنىڭ قوپال ياكى باشقىچە كىچىك جايلىرىنى ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىم تاللاش ئارقىسىدا تۈزىتىۋېلىشىغا قالدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئالدى-ئارقىسىدا غەيۋەت-شىكايەت قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە سەپسېلىپ ئاللىقانداق ئاجىزلىقلىرىنى تۇتۇۋېلىش بىلەن بابالاشنىڭ كويىدا يۈرىدىغان نامەردلەر كوچىسىدا ماڭمايدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ مەسىلىلەرنى ئوبيېكتىپ پاكىت ئاساسىدا تەھلىل قىلىپ ئېلىشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ سۆز-ھەرىكىتى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت بىلەن ئەخلاقىي يوسۇندا بىرلەشكەن ھامان ئۇلارغا يېگىباشتىن ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. جاپالىق چاغلىرىدا ھەمراھ بولغان بۇرادەرلىرىنى بولسا ھەتتا يالخشىلىقا ماڭغانلىقنى تەبرىكلەپ باغرىغا باسىدۇ. ئەمما ئادەملەر توپىدا ھەر كۈنى ھەر خىل، ھەتتا بىر كۈندىمۇ خۇددى تۈت پەسىلنىڭ ھەممىنى كۆرسىتىپ قويىدىغان ئورۇمچىنىڭ ھاۋا كېلىماتىدەك ئۆزگىرىدىغان ئادەملەرمۇ بار. ساداقەت ئادەملەر بۇنداق ئادەملەر ئارىسىدىمۇ توغرا ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرىدىغان سەممىي خوتەن خەلقىدەك بىرنى بىر، ئىككىنى ئىككى دەپ ساداقەت تۇرالايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلالىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇلار: ھەربىر ئادەمنىڭ تاللاش ھوقۇقى بارلىقىغا، ناۋادا بىراۋلار تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلاردا خاپا بولۇپ قالسا، ئۇ خاپىلىق تامامەن شۇ ئادەملەرنىڭ تاللىشىدىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىغا، جاھىلنى بازار ئوڭلايدۇ دېگەندەك، گىجىك، غەيۋەتچى، ھە دېسىلا ئۆزىنى بازارغا سالىدىغان ماختانچاق ئادەملەرنىمۇ تۇرمۇشنىڭ ئەمەلىيىتى ئوڭلايدىغانلىقىغا، ھەركىم ھەر نېمە دەپ ئۆزى ھەققىدە تون پىچىپ سۆزلەيدىكەن، «ئۇرۇش باتۇرنى، جاھىل دانانى، يوقسۇزلۇق دوستنى سىنايدۇ» غانلىقىغا، ئالدىمىزدىكى ئەمەلىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەت ئۆلچىمىدىن ئايرىلغان بۇنداق ئادەملەرگە «كۆرگىنىڭدىن كۆپتۈر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرسەڭ ئۆلمىگىنىڭ» دېگەن ھەقىقەتنى تونۇتۇپ قويۇشقا تولۇق ئۈلگۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ.

تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇلار ساداقەتلىك ئەقىدىسىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، دوستىغا دوست، دۈشمىنىگە دۈشمەن بولۇشنى ئەلا بىلىدۇ. دوستلۇقنىڭ جاسارىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ھەقىقىي دوستىغا ئۆزىنىڭ ئەيىبلىرىنى ئېيتىپ، ئۇنىڭ مەسلىھەت، ياردەملىرى ئارقىلىق ئۆزىنى تۈزىتىش بىلەنلا قالماي، دوستىدا ئۇنى مەغلۇبىيەتچىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان ئاجىزلىقلار بارلىقىنى سەزگەندىمۇ دوستىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغاندەك ساداقەتلىك بىلەن ئۇنىڭ كەم يەرلىرىنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ. يەنى «ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ» دېگەندەك، دوستى خاتا گەپ ۋە ئىش قىلسىمۇ، ھە-پە دېمەيدۇ. بەلكى، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى مۇرەككەپ شارائىتلاردا دوستلۇقنى قەدىرلەش، دۈشمەنلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېھتىياتەن گەپ قىلىدۇ:

دوست بىلەن سۆزلەشسەڭ، ئاستا سۆزلىگىن،
قان ئىچەر دۈشمىنىڭ ئاڭلاپ قالمىسۇن.
ھوشيار بول، سۆزلەشسەڭ تامنىڭ تۈۋىدە،
ئارقىدا يات قۇلاق تىڭشاپ قالمىسۇن①.

شۇنداقلا، دوستلۇقنى خار قىلماسلىق ئۈچۈن، دوست بىلەن دۈشمەننى سۆز-ھەرىكىتىدىن ئايرىشقا، دوستىنىڭ كۆيۈنۈپ دېگەن سۆزلىرىنى سالتىپەزلەرنىڭ ماختاپ قىلغان سۆزلىرىدىن ئەلا بىلىشكە ماھىر بولىدۇ.

ئەمەس ماختىغان دوست، ئالداپچىدۇر،
مالامەتچىلەر ساڭا ياردەمچىدۇر.
تاتلىق بولسىمۇ قەنت كېسەلگە زىيان،
داۋا بولغاي ئاچچىق، قىرىق دورىلار②.

(10) كۆرمىشتە ئېھتىياتچان بولىدۇ. بۇنداق ئىجادكارلار ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ۋە بەخت-سائادەت كەلتۈرەلەيدىغان تەرەپلەردە چېلىشىدۇ. ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن مەلۇم ئېقىملارغا ماسلىشىپ قىلچە ئەھمىيەتسىز كۆرمىشلەرنى قىلمايدۇ.

① شەيخ سەئدى: «گۈلىستان»، مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى، 280-بەت.
② شەيخ سەئدى: «تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 539-بەت.

شۇنداق بولغانلىقتىن، ئۇلار ئىجتىمائىي ئىسلاھات سەپلىرىدە ئىستىھكاملارغا ھۇجۇمغا ئۆتىدىغان جەڭچى بولۇپ، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى، بەخت-سائادىتى ئۈچۈن ھارماي-تالماي خىزمەت قىلسا، ئەھمىيەتسىز ئىشلار ئۈچۈن بەزىلەر پايپېتەك بولۇۋاتقان تەقدىردىمۇ دورامچىلىق قىلماي ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ يۈرىدۇ. ھەتتا ئۇلار ئىجتىمائىي بەخت-سائادەت ئۈچۈن كۈرەش قىلغاندىمۇ ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا، ۋاقىت شارائىتىغا، كونكرېت سورۇنغا قارىماي تەلۋە قەھرىمانلىق قىلمايدۇ، بەلكى كۈرەش جەريانىدا بېلىنى رۇسلاپ بىر باشقا چىقىش ئۈچۈن، ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىشلار ئۈستىدە ئېھتىياتەن ئىش قىلىدۇ.

— مەن ئىلگىرى مىسسۇرى شتاتىدىكى بىر دېھقانچىلىق مەيدانىدا بۇنداق ئىشنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن، — دېدۇ زامانىمىزنىڭ دانىشمەنلىرىدىن كارنېگ، — مەن ئۇ يەردە تىككەن 20 تۈپ كۆچەت دەسلەپتە ئاجايىپ تېز ئۆسكەنىدى، كېيىن يامغۇر ئارىلاش قار يېغىپ، ھەربىر نوتا شاختا بىر قەۋەت قېلىن مۇز تۇتتى. بۇ كۆچەتلەر ئۈستىدىكى ئېغىرلىققا ئۆز لايىقىدا بىلش ئەگمەي، ھاكاۋۇرلۇق بىلەن تاقابىل تۇردى، نەتىجىدە ئېغىرلىقنى كۆتۈرەلمەي سۇنۇپ، بېرىلىپ، ئاخىرقى ھېسابتا ھالاك بولۇش تەقدىرىدىن قۇتۇلالمىدى. ئۇلار شىمالدىكى دەل-دەرەخلەرنىڭ پاراستنى ئۆگەنمىگەن. مەن كانادادىكى نەچچە يۈز چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتىكى دائىم ياپيېشىل تۇرىدىغان ئورمانلىقتىن ئۆتكەنىدىمۇ، مۇز، قار سۇندۇرۇۋەتكەن يىڭنە يوپۇرماقلىق چاتقاللار ياكى قارىغايلارنى كۆرمىگەنىدىم. بۇ ياپيېشىل ئورمانلار قانداق ئېگىلىشنى بىلىدۇ، شاخلىرىنى قانداق ئېگىشنى بىلىدۇ، ساقلانغىلى بولمايدىغان ئىشلار بىلەن ھەمكارلىششنى بىلىدۇ①.

كارنېگنىڭ بۇ سۆزىدىكى ئىككى خىل دەرەخ دەل تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا ئۇتتۇپ چىققۇچىلارنىڭ ئەنە شۇنداق ئېھتىياتچان پوزىتسىيىسىنىڭ ئېنىق تەسۋىرىدۇر.

(11) چىدام-غەيرەتلىك بولىدۇ. ئۇلارغا زەڭ قويغىنىڭىزدا، ئۇلارنىڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ باشقىلارغا سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىشلەۋاتقانلىقىنى، لاغايلاپ يۈرىدىغان، غەيرەت بىلەن ھەدېسىلا مۈگدەيدىغان كىشىلەرگە زادىلا ئوخشىمايدىغان كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆز بەختىنى پەقەت ۋە پەقەت پېشانىسىدىكى تەردىنلا تاپىدىغان ۋە ھەرقانداق شور پېشانىلىكنى چىدامىلىق ئەمگەكى ئارقىلىق يېڭىدىغان روھ بىلەن ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز. ئۇلار ئاشۇنداق تىنىمسىز ئىلىگەنلىرىدە ھەقىقەتەن باشقىلاردىن ئارتۇق چىدام ۋە ئالاھىدە جاسارەت ئىپادىلەيدۇ، ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي ئىشلارغا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بۇنداق بېرىلىشى ۋە چارچاشنى بىلمىگەن تەرىزدە ئىشلىشى ئۇلارنىڭ باشقىلاردىن ھالقىغ ن كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولغانلىقىدىنمۇ؟ ياق. ھالقىغان كۈچ دېگەن پەقەت ئەۋزەل شارائىتلارغا ئىگە ئاز ساندىكى ئادەملەردىلا بولىدىغان نەرسە، ئۇلاردىكى بۇنداق قىزغىنلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇشنى، تۇرمۇشتىكى بارلىق پائالىيەتلەرنى، ئىجتىمائىي ھەقىقەتلەرنى قىزغىن سۆيگەنلىكى ۋە شۇ مۇھەببەت بىلەن تۇرمۇشنى تېخىمۇ گۈزەل بېزەشكە غەيرەت قىلالايدىغان چىدامغا ئىگە بولغانلىقىدىندۇر. ئۇلار مۇشۇنداق چىدام-غەيرەتتە بولغانلىرىدا ئاللىقانداق تاماگەر خىياللاردا بولمايدۇ، بەلكى، «ھەرقانداق بىر سەيلە-تاماشا ياكى مەئىشەت، ئاساسلىقى ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تەربىيىلىنىش پۇرسىتى بولىدۇ. ھەرقانداق بىر ئەمەلىي ئىش ئويلاش، چېنىقىش، ئىشلەش ۋە تۇرمۇشنى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشتىن ئىبارەت مەنىۋى ئۆسۈش جەريانى بولىدۇ، مۇشۇنداق مەنىۋى چېنىقىش جەريانىلا ئادەمنى كامال تاپقۇزالايدۇ. شۇڭا، ئادەم ھەتتا سولاققا چۈشۈپ قالغاندىمۇ ئىشلەشكە مۇمكىن بولمىسا ئىجادىي ئويلىشى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تالانتقا ئايلىنىشىغا بولغان ئىشەنچىسىنى يوقاتقان چاغلىرىدىكى مەنىۋى پالەچلىكتىن ساقلىنىشى كېرەك» دېگەن ئويدا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئويلىرى نېمىدېگەن توغرا-ھە! دۇنيادا ئەنە شۇنداق ئاز ساندىكى ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولغان كۈچلۈكلەردىن باشقا، مۇتلەق كۆپ ساندىكىلەر ئېتىبارغا ئېلىنمايدىغان ئاددىي ئادەملەر ئەمەسمۇ؟ بۇنداق ئاددىي ئادەملەرنىڭ چىدام-غەيرەتتىن باشقا نېمىسى بار؟ ئۇتقۇچى سەنئەتكارلار مانا مۇشۇنداق ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغلۇققا ئۆتۈشىدىكى بىردىنبىر قورالى «چىدام» دېگەننى بىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا زېرىكىش دېگەندىن ئەسەر بولمايدۇ، ئۇلار باشقىلار زېرىككەن ۋە ئىچى پۇشقانلىرىغا ئىشلەتكەن زېھنىنى ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا سەرپ قىلىدۇ. ھامان بىر كۈن ئالاھىدە ئۇستۇن شارائىتقا ئىگە بولغان كىشىلەرمۇ غىڭ قىلالمايدىغان بىر ئۇلۇغ نىشانغا يېتىپ بېرىش كويىدا ئالغا باسىدۇ. ئۇلاردىكى بۇنداق سالماق-ۋەزمىنلىك، تىرىشچان-پىداكارلىق

① «ئەقىل-پاراسەت خەزىنىسى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 281-بەت.

www.uyghurkitap.com



ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسەت خەزىنىسىنى بېيىتىپ، ئۇلارنى كۆڭۈللىرىنىڭ بىردە كىشىلىك دۇنياسى پەخىرلىنىدىغان ھۆرمەت چوققىلىرىغا چىقىرىدۇ.

راست، دۇنيادا چىدام-غەيرەتنىڭ ئالدىغا ئۆتەلەيدىغان يەنە نېمە بار دېيىسلەر؟ تۇرمۇشىمىزدا نى-نى دۆلەتمەنلەرنىڭ بالا-چاقىسى چىدام-غەيرەتنىڭ كەملىكىدىن ئاجىزلار قاتارىغا، ئۇلار كۆزگە ئىلمىغان نامراتلارمۇ، ھەتتا جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىز بولغان تەقدىردىمۇ چىدام-غەيرەتنىڭ خاسىيىتىدە ئۇلۇغلار قاتارىغا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقى بۇنىڭغا پاكىت ئەمەسمۇ؟ قېنى، بىزمۇ سەنئەتكارلىقتا ئۇتتۇپ چىقىش ئۈچۈن چىدام-غەيرەت توغرىسىدا زىكرى قىلايلى:

«دۇنيادا چىداملىقنىڭ ئورنىنى باسىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق. «ئىقتىدار» كارغا كەلمەيدۇ، «ئىقتىدار»لىق بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدىغانلارنى ناھايىتى تولا ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. تالانتمۇ كارغا كەلمەيدۇ، ياخشىلىقنى قايتۇرمىغان تالانت بىز ھەمىشە دېگۈدەك ئاڭلاپ تۇرىدىغان پاراڭلاردۇر. تەربىيىمۇ كارغا كەلمەيدۇ، دۇنيادا تەربىيە كۆرگەن تورۇقلۇق ساداقەتلىك بىلەن ئىشلىمەيدىغانلار كۆپ. پەقەت چىداملىق ۋە قەتئىي نىيەتلا ھەممىگە قادىردۇر. «باتۇرلارچە ئالغا» دېگەن شوئار ئىنسانلاردىكى نۇرغۇن مەسىلىنى ھەل قىلدى ۋە داۋاملىق ھەل قىلىدۇ»①.

(12) مەغلۇبىيەتكە توغرا قارايدۇ. بۇنداق ئىجادكارلارنىڭ ئۇتتۇش-ئۇتتۇرۇش ئىدىيىسى دېئالېكتىك بولۇپ، ئىجادىيەت سىناقلىرى ئۈستىدىكى مەغلۇبىيەتلەردىن قورقمايدۇ، بەلكى بەزى مەغلۇبىيەتلەرنى قارشى ئالىدۇ. چۈنكى ئۇلار: مەلۇم خىزمەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت ياكى مەغلۇبىيەت شۇ ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇب بولۇشىغا تەڭ ئەمەس، دۇنيادا پەقەت بىرلا مەغلۇبىيەت بار، ئۇ بولسىمۇ بىرەر ئىشتا ئۇتتۇرۇپ قويغانلىقى ياكى خاتالاشقانلىقى تۈپەيلى چۈشكۈنلىشىپ ئورنىدىن تۇرالماسلىقتىن ئىبارەت. ئەڭ يامان ئەھۋالغا قالغان تەقدىردىمۇ: «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دېيىدىغان غەيرەت بىلەن ئورنىدىن تۇرالايدىغان ھەرقانداق ئادەم ئۆز ھاياتىدا ئاز بولسىمۇ غەلىبە قىلالايدۇ، دەپ قارايدۇ.

راست، مەغلۇبىيەت دېگەن بۇ سۆز پەقەت بىراۋلارنىڭ باھالىشى ياكى بىرەر ئادەمنىڭ، بىرەر توپ ئادەمنىڭ يەنە بىرەر ئادەمنىڭ بىرەر ئىشنى باھالىشى بولۇپ، ھەرگىزمۇ قازى ئاخۇنۇمنىڭ باسقان تامغىسى ئەمەس. كىشىلەر شۇنداق باھالىغان تەقدىردىمۇ ئىشنى قىلغۇچى ئۆزىنى توغرا باھالاش قۇدرىتىگە ئىگە بولۇپ، يېڭىدىن ئويلاشقا، ئىشلەشكە جۈرئەت قىلسا، قارشىلىقلار بولسىمۇ ئادالەت ئۈچۈن ئەقىل بايرىقى ئۈستىدا ئىشلىسە، ھامان بىر كۈنى خەلق-ئالەمگە ئۆزىنىڭ مەغلۇبىيەتچى ئەمەسلىكىنى تونۇتقىلى بولىدۇ. كىچىككىنە مەغلۇبىيەت ۋە خاتالىقلارغا دۇچار بولغۇچى ئاقكۆڭۈل ئىجادكارلارغا قاراپ كۈلگەنلەر زامانىمىزنىڭ ئەڭ نادان گىزەندىلىرى بولۇپ، ئۇلار تۇرمۇش بابىدا سەنئەتكارلىق قىلىشنى ۋە ھەقىقىي سەنئەتكار دېگەننىڭ تەكرار مەغلۇبىيەتلەردىن كېيىنكى يېڭى سىناقلار ئارقىسىدا مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇنداق ئىكەن، سەنئەتكارلىق يولىدىكى ھەرقانداق كىشى بۇنداق گىزەندىلەرنىڭ گېپى بىلەن «راست مەغلۇب بولغان ئوخشايمەن» دەپ كەينىگە داجىماي، بەلكى ئۇلار دەۋاتقاننىڭ ئەكسىچە يانداپ ئۆتۈپ ئۆز نىشانىغا كېتىۋېرىش كېرەك. چۈنكى، مەغلۇب بولۇش ئىجادىيەتنىڭ ئورتاق قانۇنىيىتى بولغانلىقتىن، ئەزىمەت سەنئەتكارلار ئۇ گىزەندىلەرنىڭ تىلىدا ھەرقانچە قەدىرسىزلەنگەن بىلەن زەررىچىمۇ ئەھمىيىتىنى يوقاتمايدۇ. مېۋىلىك دەرەخكە تاش ئاتىدىغان، مېۋە قانچە كۆپ بولسا شۇنچە كۆپ ئادەم تاش ئاتىدىغان ھەرىكەت ئاۋامغا قانىدە بولغاندەك، ئالىم ۋە ئادەمنى تونۇپ يەتكەن ئالىملىق مەرتىۋىسىدىكى ئادەملەرگە تاش ئېتىش ھەسەتخور گىزەندىلەرنىڭ قائىدىسىدۇر.

يەنە كېلىپ، «تالانت ئۈزلۈكسىز تىرىشىشتىن ھاسىل بولغان كۈچتۇر. مەغلۇبىيەت بىلەن مۇۋەپپەقىيەتنىڭ چېگرىسى ئىنتايىن ئىنچىكە بولىدۇ، شۇڭا بىز ئۇنىڭدىن ئۆتكەندە ھەتتا ناھايىتى ئاز سېزىمىز. ئۇ شۇ قەدەر ئىنچىككىكى، بىز ھەمىشە ئۇنىڭغا دەسسەپ تۇرۇپمۇ سەزمەي قالىمىز. نۇرغۇن كىشىلەر ئازراق تىرىشسىلا، يەنە بىرئاز چىدىسىلا، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئاز قالغاندا، ئۇنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. بۇ خۇددى دېڭىز سۈيى پۈتۈنلەي پەسلەپ، يەنە يېڭىباشتىن كۆتۈرۈلگەنگە ئوخشايدۇ. ئىشلاردا، بەزىدە ئىستىقبال ئىنتايىن تۇتۇق كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ دەل بۇرۇلۇش بولغان ۋاقىتتۇر. يەنە بىرئاز چىڭ تۇرسىلا، يەنە كۆپرەك تىرىشسىلا ئۈمىد قالمىغان ئۈمىدسىزلىق شانلىق مۇۋەپپەقىيەتكە ئايلىنىدۇ. قايتا سىناپ كۆرمىگۈچە ئۇنى مەغلۇبىيەت ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. ئىچكى سەۋەب بولمىسىلا، ئۇنى ئۈمىدسىزلىق دېگىلى بولمايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن مەقسەتكە يېتەلمىگەندىن باشقا، ئاتلاپ ئۆتكىلى

① كالۋىن: يۇقىرىقى كىتاب، 221-بەت.

بولمايدىغان ھەقىقىي توساق يوق»① . بۇنداق ئىكەن، ئىجادكارغا توساق ئالدىدا چېكىنىش ھاجەت بولمايدۇ.

(13) ھوشيار، كەڭ قورساق بولىدۇ. ھوشيار بولىدۇ دېگەندە ئۇلار باشقىلارغا چۈشىنىش نىھايىتى تەسكە چۈشىدىغان ئىشلارنى ئاسانلا چۈشىنىدۇ ۋە باشقىلار ھەل قىلالمايدىغان ئۆزىنى تاشلىۋېتىش دەرىجىسىگە يەتكەن مەسىلىلەرنى چەبدەسلىك بىلەن ھەل قىلىدۇ. قىيىنچىلىق ياكى خەتەرگە دۇچ كېلىشتىن ئاۋۋال ئېھتىياتچان بولسا، باشقا شۇ ئىش كېلىپ قالغاندا، جاسارەت بىلەن ئۇنى يېڭىپ ئۆتۈشكە ئىنتىلىپ تۇرىدۇ. بىراق، باشقىلارنىڭ شۇ ئىشلار ئۈستىدە قانداق قىلماقچى بولۇۋاتقانلىرىنى، ھەتتا دۈشمەنلىك نەزەرىدىكى ناپاك مۇناسىۋەتلەردىن ئۆسۈپ چىقىدىغان شۇملۇقلارنىمۇ مۆلچەرلەپ، نالايىق ئىش-ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىدۇ. شۇنداقتىمۇ مۇناسىۋەتتە قەستەن قوپاللىق قىلىنسا، ھودۇقماستىن تېخىمۇ جاسارەتلىك بولۇپ مۇناسىۋەتنى يۇمشىتىشقا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. بۇلاردىكى بۇنداق «جاسارەت ئادەتتە كۆڭۈلچەكلىك بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدۇ ۋە شۇ سەۋەبتىن بۇ مەرد ئادەملەر باشقىلارغا قارىغاندا قىممەتلىكرەك بولىدۇ»② . لېكىن، ئۆزلىرىنى ئالاھىدە ئەقىللىق ھېسابلاپ، ئۆزلىرىنىڭ مەردلىكىدىن تەسىرلەنگەن ئادەملەر ماختاپ قويغان ھامان خۇش بولۇپ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ كەتمەيدۇ، ياكى باشقىلار يەنە گەپ تېرىمسۇن دەپ شۈبھىلىنىپ ئۆزىنىڭ سۆز-ھەرىكىتىنى جان-جەھلى بىلەن چۈشەندۈرۈشكە، باشقىلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى بويىچە ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنمايدۇ، بەلكى: «ھەرقايسىمىز ئۆزىمىزنىڭ كۆز قاراشلىرىدا تۇرايلى، قايسى ھەقىقەت بولسا، ۋاقتى كەلگەندە شۇ يانغا ئۆتەرمىز» دەيدۇ. بولۇپمۇ مۇشۇنداق بىر مەسىلىنى ھەل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قىممەت ئۆلچىمىنى توختىتىشقا، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىدىنمۇ بىلىملىك ۋە ئىجادچان ئادەملەرنىمۇ ئۆزىنىڭ ئاشۇ قاراشلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنمايدۇ. بۇ، ئۇلارنىڭ كەڭ قورساقلىقى ھەم ئىلمىيلىكىدۇر. نەۋايى ئۇتقۇچى سەنئەتكارلارنىڭ ئالىملىق دەرىجىسىنى مۇشۇنداق كەڭ قورساق ئىلمىيلىككە سىمۋول قىلغان. ئۆزبېك ئالىمى ئىبراھىم ھەققۇلوۋ بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

بىراۋكى قىلسا ئالىملەرگە تەئززۇم،
قىلۇر گوياكى پەيغەمبەرگە تەئززۇم.

نەۋائى «پەيغەمبەرگە» دېگىنىدە قۇرۇق ماختىلىش ۋە تار مەنپەئەتلەرگە ئەسلا ئالدانمايدىغان، ئەلگە، ۋەتەنگە خىيانەت قىلىشنى ئۆلۈم بىلىدىغان ئالىيجاناب سىيمانى كۆزدە تۇتقان. دۇنيانى مەرىپەت نۇرى ئارقىلىق ئىدراك قىلغان ئادەم باشقىچە بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇلۇغلار: «ئالىمنىڭ ئۆلۈمى — ئالەمنىڭ ئۆلۈمى» دېيىشكەن. ھەقىقىي ئالىمدىن قانچىلىك كۆپ ئىلمىي مىراس قالمىسۇن، لېكىن ئۇ بەرىبىر ناھايىتى چوڭ بىر مەنىۋى دۇنيانى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كېتىدۇ. ئوتتا كۆيدۈرۈلۈۋاتقان ئالىمنىڭ: «ھەممىسى ئۆزۈم بىلەن بىللە!» دېگەن پىكرىدە باشقا مەنىمۇ بار. بۇنى نەۋائى بىر ھېكايەت ئارقىلىق شەرھلەپ بەرگەن. ئۇ ھېكايەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: زامانىسىنىڭ چوڭ ئالىمى پەخرىدىن رازى ئۇزاق يول يۈرۈپ خارەزمىگە كېلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان مۇھەممەت خارەزمشاھ ئالىمغا ھېچقانداق پەرۋا قىلمايدۇ. كۈنلەر ئۆتۈپ شاھ بىلەن ئالىم كۈتۈلمىگەندە مۇنچىدا ئۇچرىشىپ قالىدۇ. شۇ چاغدا خارەزمشاھ قىيامەت ئىشلىرى توغرىسىدا رازىيغا سوئاللار بېرىدۇ. «ئەي، قىيامەت كۈنىنى بىلىشنى ئارزۇ قىلغان ئادەم، — دەيدۇ ئالىم ئۇنىڭغا، — سېنىڭ سوئاللىرىڭغا جاۋاب بېرىدىغان مۇناسىپ جاي مۇشۇ مۇنچىدۇر. قىيامەتتىمۇ شاھ ۋە گاداي، ھەممىسى بىر خىل ئەھۋالدا — يالىڭاچ بولىدۇ. نە شاھ، نە ئەمەلدار — ھېچكىم ھېچنەرسىنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ بارالمايدۇ. سەن بۇ مۇنچىغا نېمەڭنى ئېلىپ كىرەلىدىڭ؟ ھېچنېمىنى! تاج-تەخت، خەزىنە دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى تاشقىرىدا قالدى. ئىلىم ھۈنەر-ئىگىلىرىچۇ؟ ئۇلارنىڭ بايلىقلىرى مېنىڭكىگە ئوخشاش ھەممىسى ئۆزلىرى بىلەن بىللە»③.

راست ئۇلاردىكى كەڭ قورساقلىق، ھەتتا ئاشۇنداق پادىشاھلارغىمۇ نەسىھەت قىلغۇدەك دەرىجىدىكى بىلىم كامالىتىدىن چىققانلىقتىن، ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا ھەممىنى قايىل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە، باشقىلارنى مەجبۇرلاشقا ئانچە ھاجەت ئەمەس. شۇڭا، ئۇلار ھەرقاچان كەڭ قورساق بولىدۇ.

بۇلاردىكى بۇنداق ئالىيجاناب خىسلەت نېمىدېگەن ئۇلۇغ-ھە! ناۋادا بۇلارنىڭ ھوشيارلىق ئاساسىدىكى كەڭ قورساقلىقى بولمىسا، يەنە قانچىلىغان جاھىللار چىقىپ ئىلمىي دېموكراتىيىنى بىلساتتى، قانچىلىغان سۇخەنچىلەر چىقىپ

---

① ئېلبېرت ھوببارد: يۇقىرىقى كىتاب، 49-بەت.
② شېللىگو: «تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 677-بەت.
③ ئىبراھىم ھەققۇلوۋنىڭ «نادانلىق-ياۋۇزلۇق» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى.

www.uyghurkitap.com



بۇنداق سەنئەتكارلار بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورتاق ئورتاق سالاھىيەت-ھە! بىز بۇ تەرەپلەرنى ئويلىغاندا، ئۇلاردىكى مەردلىكنى ياشسۇن دەپ توۋلايمىز، ئەلۋەتتە.

(14) ئىنسان سۆيگۈسىدە ئالىيجاناب ئىدېئاللىقتا بولىدۇ. ئالىم، سەنئەتكارلارنىڭ بارلىق قوغلىششلىرى ئاخىرقى ھېسابتا ئىنسانىيەتنى تېخىمۇ گۈزەل تۇرمۇش شارائىتىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن بولغانلىقتىن، بۇنداق ئىجادكارلار ئۆزلىرىنى ئائىلىسى، مەھەللىسى، مىللىتى ھەم دۆلىتىگىلا مەنسۇپ قىلىۋەتمەيدۇ، بەلكى ئىنسانىيەتكىمۇ مەنسۇپ قىلىدۇ. چۈنكى، تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىنى ھەربىر شەخسىي يەككە-يەككە قىلسىمۇ، بۇنداق سەنئەتكارلىق شۇ شەخسنىڭ مۇستەقىللىقى، خاسلىقى، قىممىتى، ئالاھىدە تالانتىنى ئىپادىلەپ تۇرسىمۇ، سەنئەت مەسئۇلاتى شەخسىي بىلەن چەكلەنمەستىن، ئىجتىمائىيەتتە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەدەنىيەتنىڭ چېكىنىپ كېتىش ياكى زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ، شۇ سەۋەبلىك سەنئەتكارلىق ئىنسانىيەتنى سۆيىدىغان، باشقا دىن، باشقا مەدەنىيەت، باشقا مىللەت ئادەملىرىگىمۇ مېھىر-ئەت يەتكۈزىدىغان ئالىيجاناب ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولۇشى كېرەك بولىدۇ. ئېينىشتېين بۇ ھەقىقەتنى چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن مۇنداق دېگەن: «ئىنسانىيەت ۋە ئىنسانىيەت تۇرمۇشىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەڭ ياخشى تۆھپە قوشالىغان ئادەم ئەڭ قەدىرلىك ئادەم بولۇشى كېرەك. گېپىنىڭ پوسكاللىسى مانا مۇشۇنداق ئېيتىلىدۇ. ئەمما كىشىلەر بۇلارنىڭ كىملىكىنى سورىغاندا، ئاز بولمىغان قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىدۇ... شۇڭا، مەن شۇنىڭغا سەمىمىيەت بىلەن ئىشىنىمەنكى، بىر ئادەمنىڭ خەلق ئۈچۈن قىلىپ بېرىدىغان ئەڭ ياخشى خىزمىتى — سەنئەتكارلارنىڭ ئىدىيە ھالىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن مەلۇم خىزمەتلەرنى ئىشلەش ھەممە شۇ خىزمەتلىرى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىدىيە ھالىتىنى ۋاستىلىق ھالدا ئۆستۈرۈش بولىدۇ. بۇنداق قىلىش خۇسۇسەن بۈيۈك سەنئەتكارلارغا، كىچىكرەك دائىرىدە ئالىملارغا مۇۋاپىق كېلىدۇ. بىراق، بىر ئادەمنىڭ ئىدىيە ھالىتىنى ئۆستۈرۈش ھەممە ئۇنىڭ تەبىئىيىتىنى بېيىتىش پەن تەتقىقات نەتىجىسى بىلەن بولمايدۇ، بەلكى چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدىغان قىزغىنلىق، ئىجادىي ياكى ئويغىتىش خاراكتېرىدىكى ئالغان ئەقلىي ئەمگەك ئارقىلىق بولىدۇ، ئەلۋەتتە»① . دېمەك، ئېينىشتېين ئالىم، سەنئەتكار بولغاندىمۇ بۇلاردىن چوڭ ئورتاق قازىنىدىغانلىرىنى ئىدىيىۋى ھالىتى ئۈستۈن — ئىنسانىيەتنى سۆيىدىغان ئالىيجاناب ئادەملەر ئىكەنلىكىنى، شۇڭا، تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىنى ئەۋج ئالدۇرۇشتا ئۆزىنى خەلققە، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت-سائادىتىگە تەقدىم قىلىش روھىنى ئۆستۈرۈش خىزمىتىنىڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن. بىز تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا «ھەربىر ئىشنىڭ ئەڭ ياخشى تەرىپىنى كۆرۈشكە ئادەتلىنىش، يىلىغا مىڭ فوندستېرلىڭغا ئىگە بولۇشتىنمۇ ئەلا»② ئىكەنلىكىنى تونۇشىمىز، سەنئەتكارلىقتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچى تۇرمۇش سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىنسانىيەتنى سۆيۈش، تۇرمۇشنى سۆيگەندىمۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى ئاساسىدا ئۆستۈرۈلىدىغان تۇرمۇشنى سۆيۈشتىن ئىبارەت ياخشى تەرىپىنى كۆرۈشكە ئادەتلىنىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئىنسانىيەتنى سۆيۈش يالغۇز ھازىرقى كۈندە ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان مەسىلە بولماستىن، تارىختىن بۇيانقى ئۇلۇغ پەيغەمبەرلەرمۇ تەكىتلەپ كېلىۋاتقان ئىدىيە بولۇپ، بۇ ئىدىيىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدىن ئىنسانىيەتنى سۆيمىگەن يۇرتۋازلىق، قەبىلىۋازلىق، مىللەتچىلىك، جاھانگىرلىك ئىدىيىلىرىنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالغان ئادەمنىڭ سەنئەتكارلىقتا چوڭ ئورتاق قازىنالمايدىغانلىقى ئوچۇقتىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ (نورمال ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە خەلق سۆيەرلىك مۇقەددەس، ئەلۋەتتە). سەنئەتكارلىقتا «كوللى دۇنيا بىر ئائىلە» دېگەننى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتىن ئىبارەت بۇنداق ئىدىيىنىڭ بولماسلىقى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدە خەلقلەر ئارا نەپرەت، گۇمان، ئاراز-ئاداۋەت، ھەتتا قىلىچۋازلىق قىلىش دەرىجىسىدىكى ۋەھشىيلىك، ئۇرۇش قىرغىنچىلىقى پەيدا قىلىشتەك ئاپەتلەرنى كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، ئادەمنى، ۋەتەننى، ئىنسانىيەتنى سۆيۈش ئىدىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق سەنئەتكارلىقنى ئۆستۈرۈش سەنئەتكارلىقنىڭ ئالىيجانابلىقىنى ئۆلچەيدىغان مىزاندۇر. بۇ مىزان يالغۇز زامانىمىزدىكى ئېينىشتېيندەك ئالىملار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپلا قالماستىن، ھەتتا بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن بىلىش كۆتۈرۈپ چىققان ئەۋلىيا بى ئەزمىلەرمۇ ئىمان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىدۇر. بۇنىڭغا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دۇنيا خەرىتىسىنى يۇمىلاق سىزىپ، بىزنى ئىنسانىيەتنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىغىنىدىن باشقا، ھەزرىتى مەۋلان دەپ نام ئالغان جالالىدىن رۇمىنىڭ ئىدىيىسىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن.

---

① «ئېينىشتېين ئەسەرلىرى»، خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 36-بەت.
② جولىيۇس: «ئەقىل-پاراسەت خەزىنىسى»، شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى، 112-بەت.

بىز بۇ يەردە ئۇنى تەتقىق قىلغان پروفېسسور ئابدۇكېرىم راخماننىڭ كونيا مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن بەرگەن خەۋىرىگە قاراپ ئۆتەيلى:

«ھەزرىتى مەۋلانىنىڭ پۈتكۈل پىكىر چۈشەنچىلىرىنىڭ مەنبەسى مۇقەددەس كىتاب — «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ تەشەببۇسلىرىدۇر. شۇڭا، ئۇ جاھانغا پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسى (ۋەلىيۇللاھ) سۈپىتىدە تونۇلۇپ، كونيا مەدرىسىدە تەسەۋۋۇپ ئېقىمىنىڭ پىرى بولۇپ قالغان. ئۇنىڭ تۈپ پەلسەپىۋى قارىشى: «ئىنساننى سۆيمەك — ئاللاھنى سۆيمەكتۇر» دېگەندىن ئىبارەت. مەۋلانە گەرچە بۈيۈك بىر دىنىي تەسەۋۋۇپچى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى ئىنسانغا بولغان چەكسىز سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن تولغان. ئۇ «ئىنسان بالىسى ئۈچ ئاناسىردىن تەركىب تاپقان: بىرىنچى، روھ؛ ئىككىنچى، ئەقىل-ئىدراك (بىلىك)، ئۈچىنچى، ئىشق-مۇھەببەت (تۇيغۇ، ھېسسىيات، شېئىر-مۇزىكا). بۇ ئۈچ ئاناسىر ئىنسان چۈشەنچىسى، پىكرى ۋە ئوي-خىيالىنى بىرلەشتۈرىدىغان ئالاھىدە سىستېمىدۇر». شۇڭا، بۇ «سىستېمىغا ئىگە بولغان ئىنسان ئاللا ياراتقان بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ شەرەپلىكى ۋە مۇقەددىسىدۇر» دەپ قارىغان. ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارغا خىتاب قىلىپ: «بىرلەشكىن، چۈنكى مەن دۇنيانى بۆلۈشكە كەلمىدىم، بەلكى بىرلەشتۈرۈشكە كەلدىم!» دېيدۇ. مەۋلانە ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىدە ئىنساننى قەدىرلەش ۋە ھۆرمەتلەشكە، ھەممە ئىنسانلارنى، ئۇنىڭ قانداق مەزھەپ، قانداق دىن، قانداق ئىرق ۋە قانداق مىللەتتىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسانىي مۇھەببەت رىشتىسىدە بىرلىشىشكە چاقىرىدۇ. «مەسنەۋى شېرىق»تە «كەل، كەل! نېمە بولساڭمۇ كەل، كافىر، بۇتپەرەس، ئاتەشى( زەردۇشت)، مەجۇسىي بولساڭمۇ كەل، يۈز كەررە تەۋبىنى بۇزغان بولساڭمۇ كەل... بۇ بىزنىڭ دەرگاھىمىز (ئۆيىمىز)، ئۈمىد دەرگاھى...» دەپ چاقىرىق قىلىدۇ...

دەرۋەقە، ھەزرىتى مەۋلانە ئەقىل ۋە ئىدراكنى ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويىدۇ ۋە ئۇنى ئىنسانلىق ئۆلچىمى قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىمۇ ئەتراپلىق يېتىلگەن يېتۈك ئالىم بولۇپ، ياۋروپادىكى كوپېرنىك (1473 — 1543) ۋە گالىلى (1564 — 1642)دىن ئۈچ-تۆت ئەسىر ئىلگىرى: «بىزنىڭ دۇنيايىمىز ئالەم بوشلۇقىدا گويا توخۇمنىڭ سېرىقىدەك يۇملاقتۇر» دەپ ھۆكۈم چىقارغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ يەنە دۇنيانىڭ ھەم يۇملاقلىقىنى، يېڭىدىن بايقالغان ئاتمۇسفېرانىڭمۇ توخۇمغا ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى قەيت قىلغان. نيۇتون (1642 — 1727)نىڭ ماگنىت كەشپىياتىدىن ئىلگىرىلا ھەزرىتى مەۋلانە: «ماگنىتلاشتۇرۇلغان بىر مەدەن ئۇچىقىغا بىر پارچە تۆمۈر پارچىسىنى قويساڭ، ھەر تەرەپتىن تارتىش نەتىجىسىدە، ئۇ مەدەن ئۇچىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ئالبېرت ئېينشتېين (1878 — 1955)نىڭ ئاتوم نەزەرىيىسىگە باراۋەر، ھەزرىتى مەۋلانە يەنە: «ھەرقانداق پۈتۈنلۈك پارچىلىنىدۇ... يەر يۈزىدە ۋە كۆكتە تۇرغان ھەرقانداق شەيئى زەررە-زەررىدۇر ۋە ماگنىت كېبىدۇر» دېگەن. ئۇ يەنە ئۆز دەۋرىدە ھېچكىم بايقىمىغان ئىرسىيەت ئامىللىرىنى خاتىرىلەشكە مۇۋەپپەق بولالىغان، بۇنى ئۇنىڭ مۇزىكا ھەققىدە ئېيتقان: «بىرىنچى ئاتىمىز ئادەمنىڭ جەننەتتىن قوغلانغان ئاشۇ چاغدىكى تۇيغۇلىرىنى، بىزدە ئۇنىڭ زەررىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ھېس قىلالايمىز» دېگەن سۆزلىرىدىن كۆرەلەيمىز. شۇڭا، ئىسلام دۇنياسى بۇ زاتنى «مەغپىرەتلىك ۋەلىيۇللاھ» دەپ تەرىپلىشىدۇ.

ساما — مەۋلانە جالالىددىن رۇمىنىڭ ئىلھامى بىلەن پەيدا بولغان تۈرك مەدەنىيىتى، تارىخى، ئەقىدە-ئەنئەنىلىرى، جۈملىدىن پۈتكۈل مەنىۋى ئادەتلىرىنىڭ ھەرىكەتلىك ئىپادىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنساننىڭ مەرھەمىتى ۋە ياراتقۇچىغا بولغان سۆيگۈ-دۇئاسى، مۇراجىتى، مەنىۋى ئىخلاسى ئەكس ئېتىلىدۇ»①.

زامانىمىزدىن يەتتە ئەسىر بۇرۇنقى ئىسلام تۈرك ئالىمى ھەزرىتى مەۋلانە جالالىددىن رۇمىنىڭ ئىنسانىيەتنى سۆيۈشنى ئىماندىن ئىجتىمائىيەتكە، ئىلىم-پەنگە، ئەدەبىيات-سەنئەتكە، ھەتتا ھازىرقى كۈندە بىز ئويناۋاتقان ساما ئۇسسۇلىغىچە قانات يايدۇرۇشىدىن مەلۇمكى، ئادەمنى قەدىرلەش، ئىنسانىيەتنى سۆيۈش، ئىنسانلار ئارىسىدا نىزا ۋە مىللەتلەر ئارىسىدا ئىتتىپاقسىزلىق تۇغدۇرۇشقا قارشى تۇرۇش بىر خىل تارىخىي ئىزچىللىق بولۇپ، ئۇ مەيلى ئىلىم-پەن ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدە، شۇنداقلا ھەرقانداق بىر ئىجتىمائىي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا تەۋرىنىشكە بولمايدىغان، ھەتتا ئىمان جۈملىسىدىنمۇ مۇبارەكلىنىدىغان سەنئەتكارلىق ئىدىيىسىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئىدىيىنى كىشىلەرنىڭ ئەركىگە ھۆرمەت قىلىش يولى بىلەن ئالغا سۈرۈپ، سەنئەتكارلىقتا ئىنسانىيەت دوسلۇقىغا ياردەم بەرمەسلىك ئەقىلسىزلىقتۇر.

① ئابدۇكېرىم رەخمان: «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1994-يىل 1-سان، 28-، 29-بەتلەر.

(15) نوپۇزلارغا چوقۇنمايدۇ. ئۇلارنىڭ نوپۇزلارغا چوقۇنماسلىقى بىرىنچىدىن، ئىلىمنىڭ مۇنازىرىسىز تەرەققىي قىلمايدىغانلىقىدىن بولسا، ئىككىنچىدىن، ئادەملەرنى باراۋەر كۆرۈشنىڭ ئادالەتنىڭ بىلش مىزانى ئىكەنلىكىدىندۇر.

ئىلىم-پەننى مۇنازىرە ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇش دېگەندە، ئىزدىنىش، يېڭى بىلىم ساھەلىرىنى ئېچىپ، دۇنيانىڭ سىرلىرىنى كىشىلەرگە ئۇقتۇرۇش ئۈچۈن، خۇراپىيلىقنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان، پەن تەرەققىي قىلىپ مۇشۇ كۈنگە كەلگەندىمۇ كونىلىققا يېپىشۋالىدىغان بىرمۇنچە خاتا ئىدىيىلەرنى رەت قىلىپ كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئويغىتىش، كۆزىنى ئېچىش نەزەردە تۇتۇلىدۇ. ئەمما، ھەر خىل جەمئىيەتلەردە بۇرۇن تىكلەنگەن بەزى نوپۇزلارنىڭ كۆپچىلىكى مۇشۇنداق يۆنىلىشتە ئاۋانگارت بولسىمۇ، ئايرىملىرى ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ، كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىك غورۇرىغا تېگىپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ نام-شۆھرىتىنى دەسمايە قىلىۋېلىپ، يېڭىلىق ياراتقۇچىلارنىڭ ئالدىنى توسۇيدۇ، ھەتتا ئىلمىي نوپۇزىنى ھوقۇق تۇتۇش ۋە مال-دۇنيا توپلاشنىڭ دەسمايىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، تەرەققىياتنىڭ يولىدا توغرىسىغا يېتىۋالىدۇ. شەيخ سەئىدىنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا، بۇنداق نوپۇزلارنىڭ بەزىلىرى «پەرھىز قىلمايدىغان ئالىم مەشئەل كۆتۈرۈۋالغان قارىغۇ، ئۇ باشقىلارغا يول باشلايدۇ-يۇ، ئەمما ئۆزى توغرا يولدا ماڭمايدۇ» دېگەن قاتاردا تۇرۇپ، بۇرۇن دېگەن گەپلىرىدىن يېنىۋېلىپ، بۇرۇن ئۆزى ۋەدە قىلغان ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىيات يولىدا ماڭمايدۇ. يەنە بەزىلىرى: «كىمىكى پەرھىز، ئىلمۇ تەقۋادارلىقنى سېتىپ پۇل قىلار، بىر دۆۋە خامانىنى توپلاپ ئوت يېقىپلا كۆل قىلار» دېگەن قاتارغا كىرىۋېلىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى تازىلايدىغان ۋە دۇنيادىكى بارلىق يامانلىق ئۇرۇقىنى كۆيدۈرىدىغان ئىلىم نۇرىنى نەپسى ئاۋارىسلىق قىلىپ كۆلدەك سورۇپ تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ مۇشۇ پەيتى ئىجادىي ئىقتىداردا تېز چېكىنىپ، دەسمايىسى غالتەككە چىققاندىن كېيىن مەنمەنچىلىكككە چۈشكەن پەيتىدۇر. بۇرۇنقى پەرھىز تەقۋادارلىقلىرى ۋە ئىجادىي مېھنەتلىرى ئارقىسىدا تىكلەنگەن نوپۇزىنى بۇزغان بۇنداق ئادەملەرگە چوقۇنۇش بولغاندا تەبىئىيكى ئىلىمنىڭ مۇنازىرە ئارقىلىق تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى تامامەن بوغۇلۇپ كېتىدۇ. چۈنكى بۇنداق نوپۇزلارنىڭ بەزىلىرى تېخى دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ ئاتالغان ئالىملارنىڭ ھەرقاندىقى باشقىلارنى ئۆزىگە چوقۇندۇرۇش تۈگۈل، ئۆزىنىمۇ تەشۋىق قىلمىغانلىقىنى ئۇنتۇپ، باشقىلارنى ئۆزىگە چوقۇندۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك نەيرەڭلەرنى ئوينىتىدۇ. ناۋادا بۇنداق نوپۇزلار ناھايىتى چوڭ ئادەم بولغاندا، مەسىلەن ئادەم لايدا ياسىۋالغان بۇتقا چوقۇنغاندەك ئىجتىمائىي ئەخمەقلىق كېلىپ چىقىدۇ-دە، ئۇنداق نوپۇزلارنى «ئۇلۇغ» دەپ تونۇلغانسېرى ئەخمەقلىق كېسەلگە ئايلىنىپ، داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغان مەدەنىي راك كېلىپ چىقىدۇ. راست، بۇ دېگەن راك ھەمتا راك، ئېيدىزلار دەرىجىسىدىن ھالقىغان ئاپەت! چۈنكى بۇنداق «ئۇلۇغ»لار رول ئېلىۋاتقان سەھنىدە ئادەملىك قىياپەت سافلانسىمۇ، ئىجادىيەتتىن ئىبارەت ئادەملىك ماھىيەت بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىدۇ. چوقۇندۇرغۇچى ئاڭلىق بولسىمۇ، چوقۇنغۇچىلار نادان بولغانلىقتىن، ئامما بىلەن نوپۇز ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەئبۇت بىلەن چوقۇنغۇچىلار مۇناسىۋىتىگە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇنداق ئويۇن قانچە ئويناڭغانسېرى نوپۇز نامىدىكى «مەئبۇد»لارنىڭ نۇرنى ئوبېيكتىپ ئەمەلىيەتكە قارىماي ئۆسۈۋېرىدۇ، چوقۇنغۇچىلاردا «مەئبۇد»نىڭ كەمبىياتىنى ھېسابقا ئېلىپ، «ئىلاھىي» سۆزىنى ئاڭلاش دەرىجىسى ئۆسۈپ بارىدۇ-دە، مەڭلىغان-ئونمىڭلىغان بۇ بىچارىلەرنىڭ مېڭىسى ئۆز ئالدىغا تەپەككۇر قىلىشتىن توختاپ، ئۆزلىرىدىكى ئەقلىي ئىقتىداردا ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىش، ئىجاد قىلىش فۇنكسىيىسىنى قارىغۇلارچە ئاشۇ سۈنئىي مەئبۇدنىڭ خوجايىنلىق قىلىشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. مانا بۇ — چېكىنىش پەيدا قىلىپ، مەسىلەن سەنئەتكارنى كاردىن چىقىرىش بولماي نېمە؟

ئادەملەرنى باراۋەر كۆرۈش دېگەندە، ئۇلار ۋاقتىنچە تۆۋەندە تۇرغان ئادەمنى مەڭگۈلۈك پەگا ساقچىسى دەپ قارىمايدۇ، بەلكى ئادەم دېگەننىڭ ھەممىسى ئوخشاش ئادەم. ئادەملىك ئىززىتىگە كەلگەندە، ئۇ مۇھىم ئادەم، بۇ مۇھىم ئادەم ئەمەس دېيىش نائىنساپلىق دەپ قارايدۇ. ئەمما ئۇلار ھەممىلا يەردە باللار بويلىرىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرگەندەك سېلىشتۇرۇپ تەپتەڭ تۇرۇشنى ئويلىمايدۇ. ئىقتىدار سالاھىيىتى بارلارنىڭ ئۆرلىگىنىنى كۆرسە، خۇشال بولۇپ چاۋاك چالىدۇكى، ھەسەت قىلمايدۇ، ئۆزى بىرى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشسە، رىقابەتچىسىنىڭ ئۈزگىچىلىكىنى كۆرۈشنى ئويلايدۇكى، كارامىتىنى كۆرسىتەلمىسە ئىكەن دېگەن ئۈمىدتە بولمايدۇ، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ ماھارىتىگە تايىنىپ ئۇتۇپ چىقىشنى ئويلايدۇكى، رىقابەتچىسىنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇتۇپ چىقىش تامىسىدا بولمايدۇ. ھە دېسىلا باشقىلارنى باھالاپ يۈرمەيدۇ، بولۇپمۇ باشقىلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە خۇشال بولمايدۇ، باراۋەرلىكنى ھەرگىز ھەممە ئادەمگە تەڭ مۇئامىلە قىلىش دەپ چۈشەنمەستىن، ئاساسلىقى، ئادەمنىڭ ئىززەت-نەپسىگە ھۆرمەت قىلىش دەپ چۈشىنىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنى سۆيۈش، خورلۇقنى قوبۇل قىلماسلىق، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن

پايدىلىنىپ كامالەتكە ئىنتىلىش دەپ چۈشىنىدۇ، بولۇپمۇ ئادەملەرنىڭ تۇغما قابىلىيىتى بىلەن ئەقلىي قابىلىيىتى ئوخشاش بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئىجادىي قابىلىيەتتە تەڭ بولمىغانلىقتىن، ئادىي ئادەملەرمۇ ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، بولۇپمۇ ئۆزىدىكى ھېچقانداق ئادەمگە ئوخشىمايدىغان تۇغما قابىلىيەت ئارتۇقچىلىقىنى نىشانلىق تەربىيىلىسە ۋە ئۈنۈملۈك ئاچسا، قىممەت جەھەتتە ئۈستۈن تۇرىدىغان ئۇلۇغلارغا يېقىنلىشىپ بارالايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ھەرقاچان ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ شەرتلىرىنى ھازىرلاش ئارقىلىق چوڭ ئىش، ئەتىۋارلىنىش غورۇرىنى ئۈستۈرۈپ ماڭىدۇ.

ئەڭ مۇھىمى شۇكى، ئۇلار: بىر ئادەمنىڭ سەنئەتكار بولۇشىدا ئۇنىڭ ئاللىقاچان يارىتىپ بولغان نەتىجىلىرىلا ئەمەس، ئاساسلىقى ئادەمدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنىڭ داۋاملىق تۈردە ئىجادىي قابىلىيەتكە ئايلىنىشى ئاساس بولىدۇ، شۇڭا، بىر ئادەمنى سەنئەتكارلىق بابىدا باھالاشتا ئۇنىڭ كەچۈرمىشى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىگە؛ ئۆزىنى مۆلچەرلەش ۋە ئۆز ئالدىغا ئېنىق نىشان ۋە ئارزۇغا ئىگە بولغان-بولمىغانلىقىغا؛ مۇستەقىللىق ۋە خاسلىقىغا؛ تۇغما قابىلىيەت ۋە ئەقلىي قابىلىيەت ئەھۋالىغا؛ ئاتا-ئانىسىنىڭ پوزىتسىيىسىگە قاراش كېرەك. مۇشۇ تەرەپلەر بىرلىكتە ئادەمنىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات يۆزلىنىشىنى بەلگىلەيدۇ، ئەگەر كەمدە-كەم مۇشۇ جەھەتلەردە بىرقەدەر تولۇق ئاساسلارغا ئىگە بولسا، كەلگۈسىدە چوقۇم تىرىشچانلىق ئارقىسىدا كاتتا ئادەم بولۇپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

شۇڭا، ئۇلار ئادەمنى تۆۋەن كۆرىدىغان، ھەتتا باشقىلار ھۆرمەت قىلىۋاتسىمۇ ئۆزىنى چاغلىمايدىغان نوپۇزلۇقلارغا قايىل بولمايدۇ. بۇنداق باراۋەرلىك قارىشى كىشىلەرنىڭ تەييار نوپۇزلارغا چوقۇنماي يېڭىلىق يارىتىپ چوڭ ئىش تەلپىگە ئۈيغۇن بولۇپ، ھەممىمىز ئۈچۈن قەدىرلىك، ئەلۋەتتە.

(16) ئۇلار دىققەتنى يىغىش ماھارىتىنى بىلىدۇ. ھەممىگە مەلۇم، ئىجادىي پائالىيەتنىڭ ھەرقانداق بىر تۈرىنى باشقا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن، كۆڭۈلنى كۆپ ئىشلارغا بۆلمەسلىك، نىشاندىكى ئىشقا بېرىلىش كېرەك. ئەمما، دۇنيادا شۇنداق كىشىلەر باركى، ئۇلار ھەرقاچان ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلاردا سىكە-پىيازلىق قىلىپ قالماي، ھەتتا كىشىلەرنىڭ شەخسىيىتىگە تېگىدىغان ئىشلارنىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ كۆرىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ دىققەت ئېتىبارى ئەنە شۇنداق ئۇششاق ئىشلاردا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ھەرقاچان چارچاپلا قالماستىن، تېخى كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە «ئۇششاق سۆز»، «ئىچى يامان» دېگەندەك، دوختۇرخانىلارغا «بېشىم ئاغرىيدۇ» دەپ بېرىپ كېسەل كۆرسەتسە دوختۇرلار كېسەلنى تەكشۈرۈپ تاپالمايدىغان ياكى دوختۇرلۇقتىن خەۋىرى يوقلار ئۆز تەجرىبىلىرى بويىچە بۇيرىغان دورىنى يېسە پايدا قىلمايدىغان كىشىلەر ئەنە شۇنداق ئارتۇقچە ئىشلارغا ئىچى تىت-تىت بولۇپ يۈرىدىغان «ئۇششاق سۆز»لەردۇر. تازا دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئەتراپىمىزدىكى بەزى ئادەملەر ھە دېسە ئانچىكى كېسەللەرنى باھانە قىلىپ خىزمەتتىن رۇخسەت سورايدۇ. بىردەم بېشى، بىردەم چىشى ياكى قورسىقى ئاغرىپ قالىدىغان كىشىلەر ھازىرقى زامان رىقابىتىنىڭ بارغانسېرى جىددىيلىشىۋاتقان تەلپىگە ئۈيغۇنلىشىش ئۈچۈن ئىجادىي خاراكتېر يارىتىشقا ئىنتىلمەستىن، ئۆزىنى ئاشۇنداق ئۇششاق كېسەللەر بىلەن دالدىغا ئېلىۋاتقانلار بولۇپ، ئەمەلىيەتتە فىزىئولوگىيىلىك ئاغرىماي، پسىخىك ئاغرىيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۆزىنىڭ ئىشىنى پۇختا قىلماي ئارتۇقچە ئىشلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلار ئۆزىنى ئەيىبكار، كېسەل قىلىۋېلىشتىن باشقا يەنە ۋاقتىنى، زېھنىنى، ھەتتا پۇلىنى ئىسراپ قىلىۋېتىپ، بىرەر مۆجىزە يارىتالمايدۇ. ياكى ئۆزلىرىنىڭ كەسپىي خىزمەتلىرىنىمۇ ئىجادىي ھەم دادىل ئىشلىيەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرەر ئىجادىيەتنى باشقا ئېلىپ چىقىش ياكى خاتالىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن دىققەتنى يىغىش كېرەك. پسىخولوگىيىدە كىشىنى مۇنداق مەقسەتكە يەتكۈزىدىغان قابىلىيەتنى دىققەت قابىلىيىتى دەپ ئاتايدۇ. دىققەت قابىلىيىتىنى بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ساقلاشنى ھوشيارلىق دەپ ئاتايدۇ. دىققەت قابىلىيىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش دەرىجىسىنى زېھنىنى يىغىش ياكى دىققەتنى يىغىش دەپ ئاتايدۇ. دىققەت قابىلىيىتى تۈرلۈك نەرسىلەرنى كەمتۈك كۆرۈپ قېلىش، خاتا كۆرۈپ قېلىش، كەمتۈك ئاڭلاپ قېلىش، خاتا ئاڭلاپ قېلىش، ئۇنتۇپ قېلىش، ئىدىيە بىلەن ھەرىكەت تامامەن بىردەك بولماسلىق ھادىسىلىرىدىن ساقلىنىدىغان قابىلىيەتتۇر. مەسىلەن، 1982-يىلى 11-ئاينىڭ 16-كۈنى كەچتە ياپونىيىنىڭ دابەن شەھىرىدىكى فۇلى تەنتەربىيە سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى كۆپ قېتىم دۇنيا چېمپىيونى بولغان ياپونىيە ئاياللار ۋالىبول كوماندىسى بىلەن مۇسابىقىگە چۈشۈپ، ئالدىنقى ئىككى مەيداندا ئۇتۇپ، غەلىبە قىلىش ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن 2-، 3-مەيداندا ئارقا-ئارقىدىن ئۇتتۇرۇپ قويغان. مۇتەخەسسىسلەر بىردەمدىلا بۇنچىۋالا جىددىي ئۆزگىرىشنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەبىنى جۇڭگو ئاياللار ۋالىبول كوماندىسىدىكى چوكان-قىزلارنىڭ تۇنجى قېتىمقى چېمپىيون بولۇشىدىن ئىزدىگەن: ئۇلار تۇنجى قېتىم چېمپىيون بولغاچقا، خۇشاللىقىنى ئىچىگە پاتقۇزالماي تاپتاڭلاپ

www.uyghurkitap.com



كەتكەن. كەيپىياتىدا جىددىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ ئىلغىرقى مەيدانلاردا ئۇتۇش ئىشقا دىققەتنى يىغالمىغان، ئۇلارنىڭ ھاياجان ئىلكىدە چېچىلغان زېھنى يىغىلىپ بولغىچە ياپونىيە كوماندىسى ئۇلارنى بېسىپ كەتكەن.

خۇددى يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا، ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغان ئوقۇغۇچىلار ۋە چوڭلار ئىمتىھانغا قاتنىشىدىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىمتىھان ئالدىدىكى تەكرار جەريانىدا كەيپىياتى جىددىيلىشىپ كېتىدۇ، ھەتتا ئۇلار ئىمتىھان مەيدانىدا دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرەلمەي، ئوقۇغانلىرىنى ئېسىگە كەلتۈرەلمەيدۇ، ئېسىدە بارلىرىنى ئويلىيالمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن نورماللىقنى يوقاتقان باشقىچە بىر خىل خاھىش كۆرۈلىدۇ. شۇڭا، ئىمتىھاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن دىققەتنى يىغىشقا ۋە دىققەتنى يىغىش ئۇسۇلىنى ئىگىلىۋېلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىجادىي قابىلىيەتنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ئۇنى ئۆستۈرۈشمۇ ئەنە شۇنداق بولۇپ، پەقەت دىققەت يىغىلغاندىلا ئەمەلىي ئۈنۈم بېرىدۇ ۋە بارغانسېرى ئۆسۈپ بارىدۇ. تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا ئۇتۇپ چىقىدىغانلار ئەنە شۇنداق دىققەتنى يىغىشقا ماھارەتنى بىلىدىغان ئادەملەردۇر. بىز ئۇلارنىڭ ئىزىدا مېڭىش ئۈچۈن كەلسە-كەلمەس ئىشلاردىن كۆڭلىمىزنى ئىجادىي ئەمگەككە يىغىش، دىققەتنى يىغىپ، چىن يۈرەكتىن سۆيۈپ قىلغان ھەرقانداق ئىجادىي ئەمگەكنى شائىرانە دەرىجىگە يەتكۈزۈش مۇمكىنلىكىگە ئىشىنىشىمىز كېرەك.

(17) ساختا شۆھرەتكە بېرىلمەيدۇ. بۇنداق ئىجادكارلار تۇرمۇشنى دېڭىزدەك دولقۇنلاپ، چەكسىز داۋاملىشىدىغان ھاياتلىق جەريانى ھېسابلاپ، كۆڭلىدە مۇنۇلارنى كۆچۈرۈپ تۇرىدۇ: «تۇرمۇش گويا بىر دېڭىز. دېڭىز بەزىدە خۇددى چېكى يوق چوڭ ئەينەكتەك تىنچ كۆرۈنىسمۇ، گىزى كەلگەندە غايەت زور دولقۇنلارنى كۆتۈرۈپ، خۇددى تۈمەنلىگەن تۇلپارلار بەيگىگە چۈشكەندەك ھەيۋەتلىك ھالەتكە كېلىدۇ. ئۇنىڭ بەزى-بەزىدە جىمجىت ئەينەكتەك كۆرۈنۈشى ئۆركەشلەش ئۈچۈن كۈچ توپلاش، چېكى كۆرۈنمەسلىكى بىپايانلىقى بولسا، قاتمۇ قات دولقۇنلار ياساپ ھەيۋەتلىك ھالغا كېلىشى يەنە چەكسىز غايىلەرگە تولغانلىقىدۇر. دېڭىزنىڭ دولقۇنلىرى مانا مۇشۇنداق بىر-بىرىنىڭ كەينىدىن قوغلىشىپ، مەڭگۈ تىنماي كۆتۈرۈلۈپ تۇرغاندەك، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى سەنئەتكارلىق غايىلىرىمۇ بىرىگە يەنە بىرى ئۇلىنىپ تۇرمۇش دېڭىزىنىڭ دولقۇنلىرىنى ھاسىل قىلىدۇ، مۇشۇنداق دولقۇنلار ئۈزۈلمەي داۋام قىلغاندىلا گۈزەللىك تاللاش ھەرىكىتىمىز مەڭگۈلىشىپ، تۇرمۇشنىڭ مەلۇم بىر باسقۇچىدىكى كىچىك بىر گۈزەللىكنى مەڭگۈلۈك قىلىۋېلىشتەك توختاپ قېلىش نۇقتىئىينەزەرىنىڭ قۇلى بولۇش ئاقىۋىتىدىن قۇتۇلالايمىز».

راست، تۇرمۇش سەنئىتى ئالدى بىلەن باي مەزمۇنغا ئىگە. شۇڭا، بىر تال گىياھ، بىر تال گۈل، بىر تال بېلىق، بىر تال قۇرت ياكى ھەشارات ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان نەرسە بولسىمۇ، تۇرمۇشنى سەنئەت نۇقتىسىدىن چۈشەنگەن سەنئەتكارلارنىڭ قولىغا چۈشكەندىن كېيىن چەكسىز ھاياتىي كۈچكە، يۈكسەك ھۆزۈر بېرىش قىممىتىگە ئىگە بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ ئەنە شۇنداق مول مەزمۇنى بىلەن مەڭگۈ ئاخىرلاشمايدۇ. ئۇنىڭدىكى خىلمۇ خىل مەزمۇنغا ئىگە ناخشىلار گويا: «مەن ئەقىل بىلەن جاسارەتكە تولغانلارغا قاراپ ياڭرايمەن» دېگەندەك قىلىپ، تۇرمۇشنى سەنئەت ئورنىدا بېزەش يولىدا نىشان قوغلاشقۇچىلارغا ئىجادىي سىگنال بېرىپ تۇرىدۇ.

بىراق، ھەرقانداق سەنئەتكار جاپا چەكمەي، قاتمۇ قات توسقۇنلۇقلارنى يەڭمەي بۇ مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرەلمەيدۇ ۋە ئۈزمەي جەڭ قىلىش روھى بولماي تۇرۇپ، تۇرمۇشتىكى يېڭى ناخشىلارغا جور بولالمايدۇ. بىز چوڭ ئىجادىيەتچىلەرنى قويۇپ تۇرۇپ، ئۆزىمىزدەك نورمال كىشىلەرنىڭ ئۆگىنىش ھەم خىزمەت پائالىيىتىگە قاراپ باقايلى، بىر ئادەم ئۆز ئۆمرىدە بىر-ئىككى خىل پەننىي بىلىمنى نىھايىتى تەستە ئىگىلەيدۇ. ھازىرقى كۈنگە كەلگەندە ئەھۋال تېخىمۇ ئۆزگەردى. ھازىرقى پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى پەنلەر ئارا چېگرىنى بۇزۇپ تاشلىماقتا. بۇ ھال ئالىم ۋە سەنئەتكارلاردىن تېخىمۇ جىق پەننىي بىلىملەرنى ئىگىلەشنى ھەمدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ساھەلىرىدە ئالاھىدە كۆز قاراشلارغا ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا تېخى يالغۇز بىر كىشى بەزى ئىجادىيەتلەرنى ئۆز ئالدىغا ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. بىر كىشى خىلمۇ خىل كەسپىي بىلىملەر بىلەن يۈزەكىلا تونۇشۇپ ئۆتۈشى مۇمكىن بولسىمۇ، لېكىن ھەممىگە پىشقان بولۇشى مۇمكىن بولماي قالىدۇ. شۇڭا، پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئالىم-سەنئەتكارلاردىن ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆزئارا ئۆگىنىپ، كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلاپ، بىرلىكتە ئىزدىنىپ، پەن-تېخنىكىنىڭ سىرلىق، تېخى ئېچىلمىغان ساھەلىرىگە يۈرۈش قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق ئىكەن، تۇرمۇش سەنئەتكارلىقى يولىدا ئوتتۇرىغا چىققان ھەرقانداق شۆھرەتپەرەسلىك خۇددى يولۋاسقا ئوخشاش يول توسۇپ

يانقان دۈشمەن بولۇپ قالىدۇ-دە، ھەرقانداق ياخشى نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئازغىنە نەتىجە ۋە شان-شۆھرەتكە مەمنۇن بولۇشتىن ئىبارەت پسىخىك دۈشمەننى مەغلۇب قىلىدىغان جاسارەتكە ئىگە بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. ھەقىقىي ئۇتۇق قازانغۇچى سەنئەتكارلارنىڭ ساختا شۆھرەتكە بېرىلمەسلىكى مانا مۇشۇ قانۇنىيەت ئاساسىدا تاۋلىنىپ مەيدانغا چىققان يېتۈك پسىخىك پەزىلەتتۇر. بۇ قانۇنىيەت بىزگە شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، بىر ئادەمدە تۇرمۇشنىڭ دېڭىزدەك مەڭگۈ جەۋلان قىلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇنى سەنئەت تەرىقىسىدە بېزىشكە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان ئوبرازلىق تەپەككۇر ۋە يىراقنى قاراپ ئۇپۇق يارىدىغان تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بولغاندىلا، ئاندىن شەيئىلەرنى بايقىيالايدۇ، كەشىپ قىلالايدۇ ۋە ئىجاد قىلالايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا، كاللىسى ئېچىلماي ھەرقانداق شەيئىنى قاراپ تۇرۇپ كۆرەلمەيدۇ. ئۇنداقتا ھەرقانداق ئىجادىي پائالىيىتىدە كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ، ناۋادا ئۇ بەكمۇ قورقۇنچاق، قىيىنچىلىقلارغا تېز پۈكىدىغان بولۇپ قالسا، ئارقىغا چېكىنىپ قابىلىيەتسىز، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا بىر باشقا چىقالمىسلىقى ياكى نامى ئۇلۇغ بولسىمۇ، سۇپرىسى قۇرۇق بولۇپ قېلىشى، ئاساسلىقى، ئەنە شۇنداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئالغا باسماي، ئازغىنە نەتىجە ياكى نام-شۆھرەتكە بەنت بولۇپ قالغانلىقتىندۇر. ئەتراپىمىزغا قاراپ باقايلى، بىر قىسىم كىشىلەر شۆھرەتكە ئېرىشىشتىن ئىلگىرى تۇرمۇش سەنئەتكارى بولۇش ئۈچۈن جاسارەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىپ، توختىماستىن تىرىشىپ كۆرەش قىلىدۇ. بىرئاز نەتىجىگە ئېرىشىپ، ئازراق تۆھپە قوشۇپ، باشقىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغاندىن كېيىنلا بىر ئىزدا تۇرۇۋېلىپ، ئالغا بېسىشقا ئىنتىلمەيدىغان «كۆرگەزمىدىكى مودېل»لارغا ئايلىنىدۇ ھەمدە ئۈزلۈكسىز ھالدا قول سۇنۇپ خەلق ۋە دۆلەتتىن نام-مەرتىۋە تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارغا ئېرىشەلمىگەندە بولسا، ئىنتايىن پەسكەش يوللارغا مېڭىشتىنمۇ يانمايدۇ، بۇ خىل كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي سەنئەتكار بولالماستىن، تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا مەغلۇب بولغان، تەنقىدات، ئىزدىنىش، ئىجادىيەت ئۈستىدىكى كۆرەشتىن چېكىنىپ چۈشكەنلەردۇر. ئۇلارنىڭ قايتىدىن بەيگىگە چۈشۈش جاسارىتى يوق، ئۇلار پەقەت ئۆزىنىڭ بۇرۇن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنى داۋراڭ قىلىش ئارقىلىق، ئالدامچىلىق بىلەن مول يېمەك-ئىچمەكلەرگە ئىگە بولۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ قالغان ئۆمرىنى ئۆتكۈزمەكچى بولىدۇ. ئەمما، كىشىلەر بۇنداق ئادەملەردىن: «سىز بۇنچىۋالا ئالچاقلاپ كەتكىدەك، خەلققە نېمىلەرنى قىلىپ بەردىڭىز؟» دېگەن ھامان دەسمايىسى غالتەككە چىقىدۇ-دە، ئۆزىنىڭ ساختا شۆھرەتكە قول بولۇپ، شۇنچە ئەزىزلەپ ئۆستۈرگەن ئاتا-ئانا، قەۋم-قېرىنداش، يۇرت خەلقىنىڭ ئالدىدا تۈزكورلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. بىراق، بۇ تولىمۇ زور كېچىكىش، ئۇلۇغ ھايات دەرىخىنى دەپسەندە قىلغانلىق. بىز مۇشۇنداق ئاقىۋەتلەرنى تەسەۋۋۇر قىلغاندا، ئىختىيارسىز ھالدا ھەقىقىي ئۇتۇق قازانغۇچى سەنئەتكارلارنىڭ ساختا شۆھرەتكە بېرىلمەسلىك روھىغا ھۆرمەت بىلدۈرىمىز ھەمدە ئۇلارنى ئۈلگە قىلىپ تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى ئۆرلەيدىغان بەيگە ھالىتىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئۆگىنىمىز، ئىشلەيمىز، ئىجاد قىلىمىز، ئىجادىي ۋە ساۋاپلىق پائالىيىتىمىزدىن تەسىرلەنگەن كىشىلەر: «بەللى، ئوغۇل بالا!» دېگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزگە تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويىمىزكى، ئۇنۋان، مۇكاپات، خىزمەت دەرىجىسى... دېگەنلەر بىلەن توختاپ قالمايمىز، ئەلۋەتتە.

شۇنىڭغا تولۇق ئىشەنچ قىلىش كېرەككى، تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا يۇقىرىقىدەك شۆھرەتپەرەسلەر: «تىرىشچانلىق» دېگەن نېمە ئۇ، ئۇ دۆت ئادەملەرگە كېرەك، ئۇلار دۆت بولغاچقا، تىرىشمىسا بولمايدۇ، بىزدەك ئەقىللىق ئادەملەر ئەزەلدىن تالانتقا تايىنىپ ئىش كۆرىدۇ، مانا مەندەك ئاتىقى بارلار ئەمەل-مەرتىۋىلىك بولىدۇ، دەيدىغان ئاتالمىش بىلەرمەنلەر دېڭىزدەك چەكسىز ھايات ھەم شۇ ھايات گۈزەللىكى ئۈچۈن بولىدىغان ھەقىقىي تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا يېڭىلمەي قالمايدۇ. ھەشەم كۆتۈرمەي، زادىلا ھورۇنلۇق قىلماي، ساختىلىقنى چۆرۈپ تاشلاپ خەلق ھەم ۋەتەن ئۈچۈن دائىم كىتاب ئوقۇيدىغان، ئويلايدىغان، ئىشلەيدىغانلارنىڭ كارامىتى بارغانسېرى ئۆسۈپ بارىدۇ، بۇنداق ئادەملەرنىڭ تۇغما قابىلىيىتى تۆۋەنرەك بولسىمۇ، گاللىۋاڭلىقتىن ئەقىللىقلىققا ئۆزگىرىدۇ، سەنئەتكارلىقتا ئۇتۇپ چىقىدۇ. ساختا شۆھرەتكە بېرىلگەنلەر مۇنداق ئىشچان ئادەملەرنى ھەرقانچە يامان كۆرگەن، چۆكۈرگەن، ھەتتا قارىلىغان تەقدىردىمۇ دۇنيا ئىشچانلارغا مۇھتاج، ئەمگەكچىلەر ھەققانىيەتچىلەرگە مۇھتاج بولغاچقا، بۇنداق ھەققانىي دولقۇن ئۇنداق شۆھرەتپەرەسلەرگە ۋاقىتلىق سۈكۈت قىلغاندەك تۇرسىمۇ، ھامان بىر كۈنى ئىشۇ تىرىشچان بالىلىرىنى ئارزۇلاپ ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئۈچۈن چايقىلىشلىرىدا ئۇلارنى ھالاك قىلىدۇ. تۇرمۇشنىڭ گارمونىستىك رېتىمى مانا شۇدۇر. چۈنكى بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئادەمنىڭ قۇرۇق شۆھرەتكە بېرىلىپ، يۇقىرى ئورۇندا تۇرۇپ، ھېچ نەتىجە يارىتالمىغىنىدىن كۆرە، جامائەت بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ، پۇختىلىق بىلەن خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغىنى تۈزۈك-تە!

خەلقىمىز تارىخىدا نۇرغۇنلىغان ئەزىمەت ئوغلانلار ساختا شۆھرەتكە بېرىلمەي، خەلق كۈلسە كۈلۈپ، يىغلىسا يىغلاپ، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھايات-ماماتىنى بىر ياققا قايرىپ قويغان ھالدا ۋەتەن ئۈچۈن ئىجاد قىلىپ ئىلىم-پەن بىنالىسىنى قۇرغان ساغلام پىسخىك كۆرۈنۈشلەر بار. ھازىرقى كۈندىمۇ جاپادا خەلقنىڭ ئالدىدا، ھالاۋەتتە خەلقنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، تەپەككۇر ئويۇقلىرىنى بويلاپ دۇنيانىڭ ئالدىغا ئۆتۈش ئۈچۈن پاك قەلب، شەخسىيەتسىز روھ، ئالىيجاناب خىسلەت بىلەن ئىلىم-پەن بوستانىمىزغا پەرۋىش قىلىۋاتقان نەۋقىرانلار ۋە بىخ سۈرۈپ چىقىۋاتقان نوۋەي پەرزەنتلەر بار. بۇلار بىزنىڭ سۆيۈملۈك ئۆلگىمىز. تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا ئۇتۇپ چىقىمىز دېسەك، بىزنى ساختىپەز قىلىۋېتىدىغان ساختا شۆھرەتكە قارشى تۇرۇپ، ئاشۇ سۆيۈملۈك ئۆلگىلەرنى قەدىرلىشىلى. ئۆزىمىزنى خەلققە تاپشۇرايلى، چىن يۈرىكىمىز بىلەن ئۆزىمىزنى، خەلقىمىزنى سۆيەيلى. چۈنكى، «سەنئەتكار — خەلقنىڭ پەرزەنتى، خەلق پىكىرىنى بايان قىلغۇچى سەنئەتكارنى خەلق يارىتىدۇ. سەنئەتكارنىڭ ئۇلۇغلىقى ئۇنىڭ ئۆز خەلقىگە بولغان مۇناسىۋەت نورمىلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. سەنئەتكارنىڭ ھاياتى خەلقنىڭ ھاياتى، خەلقنىڭ مەنىۋى ۋە تارىخىي ھاياتى. سەنئەتكار خەلقنىڭ تەقدىرىنى كۆزەتكۈچى، ئۇنى چۈرىدەپ، ئۇنى ئىپادىلىگۈچى. جەمئىيەت ئۆز قەلبىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ كەتمىگەچكە ئۇ سەنئەتكارغا مۇھتاج. جەمئىيەت ئۆز قەلبىنى بىلمىگەندە ئۇ ئۆزىنى ئالداپ قويىدۇ، مۇنداق نادانلىق ھالاكەتتىن دېرەك بېرىدۇ، ئۇ كېسەللىك — ئاڭ چىرىش كېسىلى، بۇنى داۋالىغۇچى — دورا — سەنئەتكاردۇر، شۇڭا، جەمئىيەتنى بىلىش ئۈچۈن، خەلقنى بىلىش لازىم. خەلقتىن ئايرىلغان، خەلقنى ئاددىي ئاۋام، ئاددىي كىتابخان، شۆھرەت ئوبيېكتى دەپ چۈشەنگۈچى كىشى ھەقىقىي سەنئەتكار بولالمايدۇ. خەلقتىن، خەلق قەلبىدىن، خەلق يۈزلىنىشلىرىدىن ئايرىلغان سەنئەتكار ئۆلگەن، چىرىگەن سەنئەتكاردىن ئىبارەت.»①

توغرا، تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا ئۇتۇق قازانغۇچىلاردا بىزگە ئۆلگە بولىدىغان پىسخىك پەزىلەتلەر يۇقىرىدا تونۇشتۇرغانلىرىمىز بىلەن چەكلەنمەيدۇ، شۇنداقلا بىز بۇ تەرمىلەرنى توغرا تونۇشتۇرالىغان بولۇشىمىزمۇ ناتايىن. ئەمما، بۇلار تالانتشۇنلىس، ئىجادىيەتشۇنلىس ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى بىزگە ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىپ، ئىجادىي مۇھىتنىڭ ئىچكى ئامىللىرىنى يېشىشلاشقا مەسلىھەت بېرەلەيدۇ.

① ئابدۇشۈكۈر مەمتىمىن: «قاتلاملىق ئىستېتىكا»، 427-بەت.

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ رايى توغرىسىدا

**دىلدار مەتىمىن**

(شىنجاڭ داشۆ تىل فاكۇلتېتى)

ئادەتتە بىز ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى، ئۇسۇل ـ يوسۇنلىرى ھەققىدە سۆزلىگۈچىنىڭ پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان گرامماتىكىلىق كاتېگورىيىنى پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيىسى دەپ ئاتايمىز. پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيىسىنىڭ ئىش-ھەرىكەتنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە سۆزلىگۈچىنىڭ كۆز قارىشى، چۈشەنچىسى ۋە پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەشتە مۇئەييەن قوشۇمچىلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. تىلىمىزدىكى پېئىللارنىڭ رايىنى ئىپادىلىگۈچى بۇ خىل شەكىللەر ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن.

تىل ـ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ھەم تەرەققىي قىلىدۇ. مانا مۇشۇنداق تەرەققىيات جەريانىدا تىلنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆزگىرىش، بەزى ئېلېمېنتلار چۈشۈپ قالىدۇ، بەزىلىرىدە مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ. يەنە بەزىلىرى بىر تىلدا ئىستېمالدىن ئېلىپ باشقا قېرىنداش تىللاردا ساقلانغان بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق تەرەققىيات جەريانلار داۋامىدا تىلدىكى گرامماتىكىلىق شەكىللەر تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللىشىدۇ، ھازىرقى تىلىمىزدىكى پېئىلنىڭ راي كاتېگورىيىسى مانا مۇشۇنداق ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانلار داۋامىدا ھازىرقى تولۇق مۇكەممەل ھالىتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

تۆۋەندە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىلنىڭ رايى توغرىسىدا توختالماقچى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىلنىڭ راي كاتېگورىيىسى مەنا جەھەتتىن سۆزلىگۈچىنىڭ بۇيرۇقى، ئارزۇ-تىلىكى، قىياسى، مۆلچەرى ۋە رېئاللىققا بولغان ئىنكاسى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىق تىلى دەۋردىن ئىبارەت ئىككى دەۋرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە بىز مۇشۇ ئىككى دەۋردىكى تىل ھادىسىلىرىنى سېلىشتۇرساق شۇ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىمۇ تىلدىكى بەزى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرەلەيمىز، مەسىلەن: ئورخۇن-يېنسەي يېزىق دەۋرىدىكى بەزى قوشۇمچىلار قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دەۋرىگە كەلگەندە چۈشۈپ قالغان ياكى قىسمەن ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىل رايى ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

1-بۇيرۇق تەلەپ رايى

2-شەرت رايى

3-بايان رايى

1-بۇيرۇق تەلەپ رايى

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇيرۇق تەلەپ رايى، سۆزلىگۈچىنىڭ بۇيرۇقىنى، ئارزۇ ـ تىلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۆزىگە خاس شەخس ـ سانلار بىلەن تۈرلىنىدۇ.

بۇيرۇق تەلەپ رايى تۆۋەندىكى شەخس ـ سانلار قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



| شەخس | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|
| I شەخس | 1. —(a)yīn/—(ā)yin<br>2. —(a)yan/—(ā)yān<br>3. —(a)yīm/—(ā)yim | —(a)līm/—(ā)lim<br>—(a)līng/—(ā)lin |
| II شەخس | 1. —<br>2. —ɤīl, gil<br>3. —ɤīn, gin<br>4. (ī, i, u, ū)ng | —(i, ī, u, ū)ng<br>—(ī, i, u, ū)ng<br>—(ī, i, u, ū)nglar<br>—(ī)ngīz/—(i)ngiz |
| III شەخس | 1. —zun<br>2. —zu<br>3. —ɤun<br>4. —sun, —su | بىرلىككە ئوخشاش |

I شەخس ئارزۇ تەلەپ قوشۇمچىسىدىكى بىرلىك ھەم كۆپلۈك 1-تۈرى ئورخۇن ئابىدىلىرى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا ئوخشاش قوللىنىدىغان، خالىغان ئىككى تۈرى بولسا ئوخشىمىغان رىۋايەتلىك يادىكارلىقلاردىكى ئوخشىمىغان ۋارىيانتلىرى، بىرلىكنىڭ 2- تۈرى بولسا ئاساسەن n دىئالېكتىكىدا ئىشلىتىلگەن، مەسىلەن: جۈملە ئارقىلىق مىسال:

bolayan (Man I 12) بولاي

olurayan (Man I 12) ئولتۇراي

1. bān Sanga nā ayayin

مەن ساڭا نېمە دەي ؟

2. bān ābgārū tūsāyin

مەن ئۆيگە باراي

3. amtī munī iki kōz tāglārip sancayīn ( I k 57)

ئەمدى مەن ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنى سانجىپ قارىغۇ قىلاي .

4. anī yoqqīsalīm

ئۇنى يوقىتايلى.

5. biz ikāgū nāgū tip ōtūnālim sōzlālim (Al 620)

بىز ئىككىمىز قانداق ئۆتىمىز؟

6. alalīng ya taqī qalqan

ئالايلى بىز بىلەن قالغاننى

II .شەخس بىرلىككە كەلگەن بۇيرۇق رايى پېئىل يىلتىزى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن: tūrk bodum ōkūn (kt. 23)

تۈرك خەلقى ئۆكۈنۈڭلار

بۇنىڭدىكى 2.1 تۈرلەر ھەممە يادىكارلىقلاردا كەڭ قوللىنىدىغان.3 تۈرى كېيىنكى دەۋردىكى يادىكارلىقلاردا ۋە رىۋايەتلىكلاردا قوللىنىدىغان، مەسىلەن:

Yālmā qaraɤu ādgūti uyɤīl basītma(Ton 34)

قاراۋۇللارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇر، دۈشمەنلەر بىزنى بېسۋالمىسۇن.

Sū Yorīlīm titāci, unamang(ton 35)

ئەگەر ئۇ ئەسكەر چىقىرايلى دېسە مۇشۇلماڭ.

4 ـتۇر تەلەپنى بىلدۈرىدۇ. ھەرقايسى تۈرنىڭ كۆپلىكى ھەر خىل يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ. ئورخۇن يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا كۆپلۈك ئاساسەن ng- بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار بەزىدە ھۆرمەت تۈسىنى ئىپادىلەيدۇ، مەسىلەن:

amtī iɤlamang turung ( I k 60)

ئەمدى يىغلىماڭ، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ

bu māning yti qīlīcīmīn kōrūnglar:

Ⅱ شەخس بۇيرۇق تەلەپ رايى —ZUN — SUN قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. ZUN- قوشۇمچىسى ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدا كۆرۈلىدۇ.—SUN قوشۇمچىسى بولسا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا قوللىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا n تاۋۇشى چۈشۈپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ. بۇ شەكىل ھەرقايسى دەۋرلەردىكى يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ مەسىلەن:

tūrk boldun yoq bolmazu, tiyin, boldun bolcun, tiyin (Bil. 10)

مۇنداق دېدى: تۈرك خەلقى يوقالمىسۇن، ئۇلار باشقىدىن خەلق بولسۇن.

tāngri yarīlqazu (K. T. 29)

تەڭرى مەدەت بەرسۇن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا كەم ئۇچرايدىغان قوشۇمچە Sunɤīl - مەسىلەن:

tam ɤa bizgā bolsun buyan, kōz bōri belsunɤīn uran

يامغا بىزگە بولسۇن بەخت بەلگىسى، كۆك بۆرە بولسۇن شۇئار، بۇيرۇق رايىنىڭ بولۇشسىز شەكلى پېئىل يىلتىزىغا ma- قوشۇمچىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ ئاندىن شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:

iɤlamang يىغلىماڭ

ئۇنىماڭ( قوشۇلماڭ unamang

2ـ شەرت رايى

شەرت رايىدىكى پېئىللار مەلۇم ئىش ھەرىكەتنىڭ ئورۇنلىنىشى ـ ئورۇنلاشمىسلىقىغا شەرت بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئېنقلىمىدىن كېيىن شەرت رايى قوشۇمچىلىرى ئادەتتە 3 ـ شەخسنى ئىپادىلەيدۇ. 1ـ2ـ شەخسنى ئىپادىلىگەندە، شەخس ۋە سان قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ، قوشما جۈملىدە پېئىل ئۆزەكلەرگە ئۇلىنىپ شەرت يىغىندا جۈملىنى تەشكىل قىلىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى شەرت رايى قوشۇمچىلىرى پېئىللارغا ئۇلىنىپ

① ـشەرتنى بىلدۈرىدۇ.

② ـپەرەز قىياسىنى بىلدۈرىدۇ.

③ ـئارزۇـئۈمىدنى بىلدۈرىدۇ.

(1) شەرت رايىنىڭ تۈزۈلۈشى

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى شەرت رايىنىڭ مەنىسى بەلگىلىك شەخش قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق

ئىپادىلىنىدۇ. شەخس قوشۇمچىلىرى تۆۋەندىكىچە. ئىسكوپىكا ئىچىدىكىلىرى كېيىنكى دەۋردىكى يادىكارلىقلارنىڭ قوشۇمچىلىرى:

| شەخس | بىرلىك | كۆپلۈك |
|---|---|---|
| I | ā(r)sā(r)—mān(—m) | —miz sa(r)q |
| II | —sān (—ng) | .—īng sīz |
| III | — | — |

شەرت رايىدىكى پېئىللار جۈملىدە قىياسنى ئىپادىلىشتىن باشقا يەنە سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم بىر ھالەتكە بولغان پەرىزى ۋە ئۈمىدىنى بىلدۈرىدۇ. شەرت رايى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا —Sa/—Sä/—Sar/—Sār قوشۇمچىلىرى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئورخۇن-يەنسەي يادىكارلىقلىرىدا Sar/—Sār— قوللىنىلغان، كېيىنكى يادىكارلىقلاردا «r» تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان شەكلى ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن bolsar, Kālār . قەدىمكى ئۇيغۇرلار يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا شەرت رايى شەكلىلىك خەۋەرنىڭ شەخس قوشۇمچىسى كۆرۈلگەن، شەرت رايىنىڭ بولۇشسىز شەكلى شەخس قوشۇمچىسىنىڭ ئالدىغا —ma/—mā قوشۇمچىسى قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

1. tūrk boldum... bir todsar, acsīq ōmāzsān (k. t. 8)

تۈرۈك خەلقى قورسىقىڭ تويسا، ئاچلىقنى ئويلىمايسەن.

2. ūza tāngri <u>basmasar</u>, asra yir <u>talinmāsār</u> tūrk boldum ilingin tōrūngin Kaām artatī (K. T. 22).

ئۈستىمىزدىكى ئاسمان ئۆرۈلمىسە، ئاستىمىزدىكى يەر يېرىلمىسا، تۈرۈك خەلقىنىڭ دۆلىتى بىلەن قانۇنىنى كىممۇ بۇزالىسۇن؟

3. qacan burxan qutī—n <u>bulsarmān</u> silār—ni barca anta qutar ɤayaym ān tip tidi (I k 76)

بۇرخان بەختىنى تاپسام سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى قۇتۇلدۇرىمەن، دېدى.

(2) شەرت رايىنىڭ ئالاھىدە ئىشلىتىلىشى

① بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىك سۆز بولغاندا «بول، ئەر» قاتارلىق ياردەمچى پېئىللارغا ئۇلىنىپ، بېقىندى جۈملىنى ھاسىل قىلىدۇ، مەسىلەن:

ōlūr ārsāriGīp kisi tāgmā ig, kisi qalmaɤay ārdi yirdā tirig (k B ll)

ئەگەر كىشىلەر كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتسە، ئادەم قالمىغان بولاتتى بۇ يەر جاندا.

② bolsa دېگەن پېئىل KārāK بىلەن بىرىككەن چاغدا جۈملىنىڭ خەۋىرى bolsa KārāK شەكلىدە ئىپادىلەنگەندە، ئىش ھەرىكەت توغرىسىدىكى قىياس، مۆلچەر قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ، مەسىلەن:

OŠbu bildūrgūlūktā biltilmisārdi kim mān uyɤurnīng qaɤanī bolaman, kim yārnīng Tōrt bulung — īnung qaɤanī bolsam kārāk turur. (oɤ 106)

بۇ ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق يېزىلغان: مەن ئۇيغۇرنىڭ خاقانى بولسەم، پۈتۈن جاھاننىڭ خاقانى بولۇشۇم كېرەك.

③ يىقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى ārdi+ārsār شەكلىدە ئىپادىلەنگەندە، سۆزلىگۈچىنىڭ ئەمەلگە ئاشمايدىغان شەرت ياكى پەرەز دەپ قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ōlūr ārdi ārsā qmuɤ iglāgān, kisŠi qalmaɤay ārdi ruzī yāgān (KB Ⅱ)

④ ئالماش nācŠā، nāng قاتارلىق سوراق ئالماشلىرى شەرت رايى قوشۇمچىسى بىلەن ماسلىشىپ «قەتئىينەزەر، مەيلى» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىمەن. مەسىلەن:

nāng yārdāki qaɤanlīɤ bodunqa būtāgi bar ārsār (Ton 56)

مەيلى قانداق يەردە بولسۇن،خاقانى بار خەلقلەرنىڭ ئىچىدە مۇشۇنداق ئادەم بولسا.

nācŠā bārsā dunya tūgār, alɤīnīr (KB,22)

مەيلى مال دۇنيانى قانچىلىك بەرسە، ئاخىر بىر كۈن تۈگەيدۇ.

3_ خەۋەر رايى

خەۋەر رايى مەلۇم ئىش ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىشى ياكى ئورۇندالماسلىقى ھەققىدە سۆزلىگۈچىنىڭ بايانىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىل رايى. خەۋەر رايىدىكى پېئىللار سۆزلىگۈچىنىڭ مەلۇم ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە خەۋەر قىلىشى پوزىتسىيىدە ئىكەنلىكى ۋە بۇنى خەۋەر تەرىقىسىدە بايان قىلىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى خەۋەر رايى پېئىللىرى شەخس ھەم سان بولۇشلۇق ھەم بولۇشسىز كاتېگورىيىسىگە ئىگە، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى خەۋەر رايى گەرچە ھازىرقىدەك تولۇق، مۇكەممەل تەرەققىي تاپمىغان بولسىمۇ كېيىنكى تىل تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي بولۇپ قالغان.

قەدىمكى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى خەۋەر رايىدىكى پېئىللار زامان كاتېگورىيىسىگە قاراپ ھازىرقى زامان خەۋەر پېئىل، ئۆتكەن زامان خەۋەر پېئىلى، ۋە كېلىدىغان زامان خەۋەر پېئىل دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

خەۋەر رايىدىكى پېئىل يىلتىزى ياكى پېئىل ئۆزەكلىرىگە ئۇلىنىدۇ. بەزى پېئىللار زامانىنى ئىسىم خاراكتېرلىك پېئىل ـ رەۋىشداش ۋە ياردەمچى پېئىللار ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. بۇلارنىڭ ئارقىسىغا شەخس قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. پېئىللارنىڭ بايان رايى پېئىللارنىڭ زامان كاتېگورىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ھەرقايسى زامان بىر قانچە خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

1-پۈتكەن ئۆتكەن زامان.

ئىش ھەرىكەتنىڭ سۆز قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتىن ئىلگىرى ئەمەلگە ئاشقان ياكى ئاشمىغانلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەيدىغان پۈتكەن ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى پېئىل يىلتىزىغا t—d—- قوشۇمچىسى قوشۇلۇپ ئاندىن شەخس قوشۇمچىلىرى قوشۇلۇپ ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل شەكلى ھەرقايسى دەۋرلەردىكى يادىكارلىقلاردا كەڭ قوللىنىلغان، تۆۋەندە ھەرقايسى شەخس قوشۇمچىلىرىنى كۆرۈپ باقايلى.

| شەخس | بىرلىك | كۆپلۈك |
| --- | --- | --- |
| I | —d(t)īm/—d(t)im | —d(t)miz —d(t)īmiz |
| II | d(t)i(ī)ng, —d(t)ig, —d(t)iɣ | —d(t)giz —d(t)ingiz |
| III | —d(t)Ii—d(tī) | d(t)i/ār —d(t)īlar |

1. tabɣacŠ qaɣanta bādizcŠi kālūrtūm(K. T. 21)

تابغاچ خاقانىدىن نەقىشچە ئەكەلدۇردۇم

2. yir sayu <u>bardiɣ</u>,qop anta <u>alqīntīɣ</u> arīltīɣ(K. T. 9)

ھەممە يەردە چېچىلىپ يۈردىڭلار، ئاخىرى شۇ جايلاردا يوقالدىڭلار. يۇقىرىقى جۈملىدىكى —tīɣ

—dīɣ قوشۇمچىسى ئورخۇن ئابىدىلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا

II شەخس كۆپلۈك قوشۇمچىسى dīngiz— بەزىدە بىرلىك ھۆرمەت تۈسىگىمۇ ئىشلىنىدۇ.

3. nā KārgāK boltī kim ancŠa āmgānip bu yir <u>kāltingiz</u>

نېمە ئۈچۈن بۇنچە جاپا تارتىپ بۇ يەرگە كەلدىڭىز.

4. alqu birip īdtīmīz ( I K 49)

بىز ھەممىنى بەردۇق.

5. ol ūc Š tigitlār xua cŠācŠāk tūsŠ yimisŠ idigāli atalarī ilig bāgkā

ōtūnūp ayītip qaltīlar (Al 608)

ئۇ ئۈچ شاھزادە گۈل-چېچەك، مېۋە-چېۋە ئۈزۈش ئۈچۈن ئاتىسى ئىلىك بەگدىن سوراپ قالدى.

ئېنىق ئۆتكەن زامان خەۋەر پېئىلىنىڭ ئىنكار شەكلى شەخس قوشۇمچىسىنىڭ ئالدىغا /ma—

—mā قوشۇمچىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇخلىمىدىم udī—ma—dīm

2ـئېنىقسىز ئۆتكەن زامان خەۋەر پېئىلى

ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان خەۋەر پېئىلى ئىش-ھەرىكەتنىڭ بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى

سۆزلىگۈچىگە نىسبەتەن ئۆتكەن ئېنىقسىزلىقىنى ياكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ خېلى بۇرۇن ئورۇنلانغانلىقىنى

بىلدۈرىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتكەن زامان ئېنىقسىز شەكلى mis—قوشۇلغان سۈپەتداش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. n دىئالېكتىكىدا masŠ—/masŠ— شەكىللىرى بولۇپ خەۋەر بولۇپ كەلگەندە شەخس ئىپادىلەنمىسمۇ بولىدۇ. ياردەمچى پېئىل ār—bol— لارنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى ئارقىلىق شەخس ئىپادىلىنىشى بولىدۇ. بۇ خىل شەكىللەر ئادەتتە ئۆتكەن ئېنىقسىز ۋاقىت ياكى ئىلگىرى يۈز بەرگەن ئىش-ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل شەكىل ھەر خىل يادىكارلىقلاردا كۆرۈلىدۇ مەسىلەن:

1. qara tūrgisŠ bodunuɤ anua ōlū misŠ almīsŠ (KT 10)

قارا تۈركىشى خەلقىنى شۇ يەردە ئۆلتۈرگەن، سەلىم قىلغانمىش.

2. bing yont qalmīsŠ tūmān qony qalmīsŠ(mo,48)

مىنىڭ ئاتمىش تۈمەن قوي قالغانمىش

3. ol bāglār ymā (munta)ɤ oq uz itūrmis ārti. (sam)

ئۇ بەگلەر يەنە مۇشۇنداق چىرايلىق قىلىپ ياسانغانىدى.

4. mān Xuintso ōngrā ānātKākkā barmīsŠta ālp adalīɤ yolta ūrKicŠ āmgānmisŠ(mā) (sam)

مەن خونسۇ ئىلگىرى ھىندىستانغا بارغاندا جاپا خەتەرلىك يوللاردا ئۇزۇن جاپا تارتقانىدىم.

3. ئاددىي پۈتكەن زامان

ئاددىي پۈتكەن زامان شەكلى ئىش-ھەرىكەتنىڭ پۈتكەن ياكى بۇرۇن پۈتكەن ئىش ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۈپەتداش قوشۇمچىسى —yuqنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. خەۋەر بولغاندا سۆز ئارقىسىغا ئادەتتە كىشىلىك ئالماش قوشۇش ئارقىلىق شەخس ئىپادىلىنىدۇ بۇ خىل شەكىل ئورخۇن ئابىدىلىرىدا كۆرۈلمەيدۇ. كۆپ ھاللاردا قەدىمكى ئۇيغۇر بۇددا يازما يادىكارلىقلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

1. sŠastrlarīn. kōrklārin nom bitiglārin tālim <u>yīɤyuqmn</u>(sam v 57)

مەن نۇرغۇن دەستۇرلارنى، ھەيكەللەرنى، نوملارنى يىغقان.

sīla aditi iligkā barīp sawsŠing baxsŠīlar birlā kōz —kisŠāli anuq <u>bolyuq</u> ol (sam v,255)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شىلا ئادىتى ئىلىك بەگكە بېرىپ كىچىك مەزھەپ راھىپلىرى بىلەن مۇنازىرىلەشتىقا تەييار بولدى.

3. burxan baxsïmïz anta toɤyuq ol (sam v 174)

بورخان باغچىمىز ئەشۇ يەردە تۇغۇلغان.

4- زامان ئېنىقسىز خەۋەر رايى

بۇنىڭدا ئىش-ھەرىكەتنىڭ ھازىر ياكى كېلىدىغان زاماندا ئېلىپ بېرىلىدىغان، ۋاقىت مۇقىم ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ بۇ شەكىل سۈپەتداش قوشۇمچىسى (Y) ūr/—(y) ury — ياكى ئاز قوللىنىدىغان ir/—ïr—r —ar/—ar— قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. خەۋەرنىڭ شەخس قوشۇمچىلىرى خەۋەرلىك شەخس قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ئىنكار شەكلى māz (si)/—maz (s) نىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئېنىقسىز ئۆتكەن زامانىنى ئىپادىلىگەندە ياردەمچى پېئىل ār نىڭ پۈتكەن ئۆتكەن زامان شەخسلىك شەكلى ārdimārdi ياكى ārmisŠ ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق شەكىللەر ھەرقايسى دەۋردىكى يازىكارلىقلاردا ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

tirmān دېدىم

tir ئۇ دېدى

(Bil) saqunur mān ئويلىدىم

(KT) bilirsiz بىلسەن

(Ton) nākā qorqur —biz بىز نېمىشقا قورقىمىز

tūk boldun tabɤacĎqa <u>kōrūr</u> ārti

تۈرك خەلقى تابغاچقا بېقىناتتى

azqïya türk boldun <u>yorïyur ārmisŠ</u>(Ton 10)

ئازراق تۈرك خەلقى تەۋرەپ يۈرگەن

ātōzūm <u>busanur</u> <u>busïrganur</u>, ootcŠa ōrtānip kūyār tāg (Al 624)

مېنىڭ تېنىم تەرلەپ -قىزىپ خۇددى ئوتتا كۆيۈۋاتقاندەك.

ōd <u>kācŠār</u> KisŠi tuymas, yalïnguq oɤlï māngū qalmas (MK. l. 44)

ۋاقىت ئۆتىدۇ. كىشى تۇيمايدۇ، ئىنسان ئوغلىمۇ مەڭگۇ ياشىمايدۇ.

5-كەلگۈسى زامان ئېنىق خەۋەر رايى

بۇنىڭدا ئىش-ھەرىكەتنىڭ چوقۇم ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ياكى ئېلىپ بېرىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ، بۇ شەكىل dācŠī/dacŠī — قوشۇمچىسى قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. خەۋەر شەكىللىك شەخس قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق شەخس ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل شەكىل پېئىل خەۋەر بولۇپ كەلگەندە ئىشلىنىپ ئورخۇن ئابىدىلىرىدە كۆپ ئۇيرايدۇ، كېيىنكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا dācŠī/dacŠī — قوشۇمچىسى قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. خەۋەر شەكىللىك شەخس قوشۇمچىلىرى ئارقىلىق شەخس ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خل شەكىل پېئىل خەۋەر بولۇپ كەلگەندە ئىشلىنىپ ئورخۇن ئابىدىلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ، كېيىنكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلادا dacŠī—/dācŠī — قوشۇمچىسى سۈپەداش قوشۇمچىسى بولۇپ ئىشلىنىدۇ. مەسىلەن:

1. ōzūng ādgū kōrtācŠisān, ābingā kir tācŠisān bungsuz boldacŠīsān (Bil. 4)

ئۆزەڭ ياخشى بەختلىك بولسەن، خوشال-خورام ياشايسەن، غەم قايغۇسىز بولسەن.

2. anca ōtūntūm tabγac, oγuz, qītany, bu ūcāgū qabīsar qaltacībīz (Ton 12)

مەن مۇنداق دېدىم: ئوغۇز، قىتان بۇ ئۈچى بىرلەشسە بىر ياقتا قالىمىز.

3. ōtūkān yis olursar bāngū il tuta olurtacŠī sān (K. T. 8)

ئەگەر ئۆتۈكەن تېغىدا تۇرساڭ، دۆلەت تۇتۇپ مەڭگۇ تەختتە ئولتۇرسەن.

4. tūrk bodun adaq qamsŠadī, yablaq boltacŠī irti

تۈرك خەلقى قالايمىقانلاشتى، يامان بولدى.

6-كېلىدىغان زامان ئىمكان پېئىل شەكلى.

بۇ شەكىل كېلىدىغان زاماندا ئورۇنلىيالايدىغان ياكى چوقۇم ئورۇنلايدىغان، ئورۇنلاشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئىش-ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ، I ، II شەخس سۆز ئارقىغا كەلگەندە كىشىلىك ئالماش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. II شەخسدە ئالماش ئىشلىتىلمەيدۇ.مەسىلەن: alγay alγaylar

بۇ شەكىل ئورخۇن يادىكارلىقلىرىدا كۆرۈلمەيدۇ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ مەسىلەن:

Bu mancŠa qorqcŠïɤ adaqa kirip ölgäysiz bizni irincŠqïlɤaysIz ( I k 18)

مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق خەتەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئۆلىسىز، بىزنى بىچارە قىلىسىز.

ol altum taɤ—qa täsärsiz, kök länxua körgäysiz...

ol länxua yoluɤ yoɤuru usasïz , ötrü luu qanï ärdinilig balïqqa ordu—qa täggäysiz( I k 38. 39)

ئەگەر ئۇ ئالتۇن تاغقا بېرىپ، ئۆتسىڭىز ئاندىن مەجىر ماخاننىڭ گۆھەرلىك شەھىرىگە ئوردوسقا يېتىسىز.

män yircŠiläp ilitgäymän, sizni bodunqa tägürgäyman tip tidi ( I k60)

مەن يولچى بولۇپ، يېتەكلەي، سىزنى خەلق ئىچىگە يەتكۈزۈپ قوياي، يۇقۇرىقىلاردىن باشقا cŠï/—cŠi بىلەن ياسالغان كېلىدىغان زامان شەكلىمۇ بار بۇ خىل شەكىل كۆپ ئۇچرىمايدۇ. بۇنىڭ ئىنكار شەكلى ma/—mä— قوشۇمچە —cŠ/—cŠï— نىڭ ئالدىغا قوشۇلىدۇ.

مەسىلەن:

bu yolun yorisar yaramacŠï tidim

بۇ يولدا ماڭسا بولمايدۇ دېدىم.

ol ada ymä sizlär kä tägmä—cŠi ol (maitr)

ئۇ خېيىم-خەتەر سىلەرگە بارمايدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم، سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق مەنىسى بەلگىلىك گىراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە ئۆزگۈرۈشكە ئەگىشىپ تىلنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىدىكى ئۆزگىرىشلەرمۇ ئوخشاش بولمايدۇ، گەرچە گىراماتىكىنىڭ ئۆزگىرىش لېكسىكىسىغا قارىغاندا ئاستا بولسىمۇ، لېكىن ئۇمۇ تەدرىجىي ئۈزلۈكسىز تولۇقلىنىپ بارغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ راي كاتېگورىيىسىدىن بىز گىراماتىكىدىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ قانداق دەرىجىدە بولغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. بۇنىڭدا بەزى گىراماتىكىلىق شەكىللەر چۈشۈپ قالغان، لېكىن بەزىلەر تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن، بۇلارنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسىمۇ تەدرىجىي ئۆزگىرىپ بارغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

# 新疆社科论坛 （维吾尔文版）

新疆维吾尔自治区社会科学界联合会主办

1996年 第二期 副主编

（总第32期） 斯拉木江.谢里甫

## 主要目录

### 稳定与发展

改革、发展、稳定与正确处理人民内部矛盾的关系 …… 伊明.哈热 1

论邓小平的民族观 …… 译自《民族研究信息》月刊 5

### 经济企业建设

论改革企业内部机械 …… 阿吉.亚库夫 6

两个转变是实现我国经济和社会发展目标的关键措施 …… 凯赛尔.阿不都拉 10

### 爱国主义与民族团结

"中国革命史"是进行爱国主义教育的有效武器 …… 阿不都艾尼 13

### 教育、精神文明

高校加强社会主义文明建设的必要性 …… 伊明.吾守尔 15

### 文学、艺术

文学史上的第一部长篇小说《源氏物语》 …… 凯赛尔.柯尤木 23

### 新闻出版

论制定选题计划 …… 吐尔逊.阿不都拉 30

广告与经济效益 …… 阿不里克木 35

科研信息 …… 灿艾提.哈斯亚提等 38

### 人才

论成功者的特性 …… 斯拉木江.谢里甫 46

### 语言

有关回纥语语法的几个问题 …… 迪丽达尔.买买提明 71

编委：阿.热杰甫、阿.热合满、阿.托乎提、赛.禾维尔、谢.伊明、斯.谢里甫

责任编辑：斯.谢里甫、凯.柯尤慕

## مۇشتىرىلار دىققىتىگە :

« شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى »نىڭ ئۇيغۇرچىسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىپ ، مەملىكەت ئىچىگە ئاشكارا تارقىتىلىدىغان يەسىللىك ئىلمىي ژۇرنال . بۇ — پەلسەپە ، مائارىپ ، تارىخ ، مەدەنىيەت ، ئىقتىساد ، تىل ، ئەدەبىيات - سەنئەت ، پەن - تېخنىكا ، دىن ۋە ئەخلاق ، باشقۇرۇش ۋە باشقا ئارىلىق پەنلەر بويىچە ئالىم - مۇتەخەسسىس ۋە باشقا ھەۋەسكارلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ، دۇنيا بويىچە بارلىققا كېلىۋاتقان كۈندىلىك تۈرمۇش ھەم خىزمەتلىرىمىزگە ماياك بولىدىغان كەشپىيات ھەم ئىختىرالارنى ئىخچام تونۇشتۇرۇپ ، ئىلىم - پەننى گۈللەندۇرۇش ، خەلقىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۈنۈملۈك خىزمەت قىلىدىغان يېڭى بىر بىلىم مۇنبىرى . ھەر بىر ئويغاق ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا ، تېخىمۇ ئەقىللىق ، يىراقنى كۆرىدىغان ، زامانغا ماس ئادەم بولۇش جاھاننامىسى . بۇ ژۇرنال سىزنى دانايى - دانىشمەن ئالىملار ، پىرى — ئۇستازلار ، ھەققانىي ئىلىم چولپانلىرى ، سەنئەتكارلار ، ئۇلۇغ ھەكىم ھەم پەيلاسوپلار بىلەن ئۇلپەتلەشتۈرۈپ ، قەدىمىزنى رۇسلاپ زامانىۋى قەدەم بېسىشىڭىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ ، ژۇرنىلىمىزنىڭ بىر يىللىق سانلىرىغا 10.00 يۈەندىن يالغۇز تولەپ مۇشتىرى بولالايسىز ، ھەر بىر سانىغا 2.50 يۈەندىن تۆلەپ مۇشتىرى بولغايسىز .

پۇل ئەۋەتىدىغان ئادرېسى : ئۈرۈمچى « يەنئەن » يولى 46 - قورو .
« شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى » ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى
ئالاقىلاشقۇچى : ليۇسۇچىڭ

《新疆社科论坛》
全国公开发行

« شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى »
مەملىكەت بويىچە ئاشكارا تارقىتىلىدۇ

---

ش ئۇ ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىنىڭ نەشر ئەپكارى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك مىللىي باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: 1/CN65—1147/C
پوچتا ئارقىلىق مۇشتىرى بولۇش نومۇرى: 137—58
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ
بۇ ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى : ئىسلامجان شېرىپ ، قەيسەر قەييۇم
باھاسى : 2.50 يۈەن
ئورنى : ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 46 - قورو ، پوچتا نومۇرى : 830001
تېلېفون : 2861273 تېلېگرامما : 3027
مۇقاۋىنى ئوبۇلقاسىم ئەمەت لايىھىلىگەن